# ئىزدىنىش

(تاللانما)

8 1998

www.uyghurkitap.com

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1998-يىل 8-سان

(ئومۇمىي 122-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)


**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1998-يىللىق 11-، 12-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

## مۇندەرىجە


**زامانىۋى پەن-تېخنىكا بولۇپمۇ يۇقىرى پەن-تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن پۈتۈن ئارمىيىنى قوراللاندۇرۇشقا تىرىشايلى ............................ چى خاۋتيەن (2)**

**يېزا ئىگىلىكىدە دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرنى توغرا تونۇش كېرەك ........................................ چېن ياۋباڭ (15)**

**تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئىشنى ياخشى تۇتايلى ........................................ ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى (28)**

ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى كۆرسەتكەن يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەيلى .................. **دەي جۇ (36)**


**★8-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

---


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11—2498

تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى

ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399»-خەت ساندۇقى).


---

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# زامانىۋى پەن-تېخنىكا بولۇپمۇ يۇقىرى پەن-تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن پۈتۈن ئارمىيىنى قوراللاندۇرۇشقا تىرىشايلى

**چى خاۋتيەن**

زامانىۋى پەن-تېخنىكا بولۇپمۇ يۇقىرى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن ئارمىيىدىكى ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنىڭ بولۇپمۇ كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش ئارمىيىنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىدىكى ئومۇمىيلىققا ۋە كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشلاردا غەلىبە قازىنىش ياكى مەغلۇپ بولۇشقا بىرىپ چېتىلىدىغان مۇھىم بىر مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. ئەسىر ئالمىشىۋاتقان مۇھىم تارىخىي مەزگىلدە، ئارمىيىمىز دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىگە ئاساسەن، پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: ”دۇنيانىڭ ھەربىي ساھەسىدىكى چوڭقۇر ئۆزگىرىشكە يارىشا، تەلىم-تەربىيە ۋە مەشقنى كۈچەيتىش، زامانىۋى تېخنىكا، بولۇپمۇ يۇقىرى تېخنىكا شارائىتىدا مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈش“ لازىم. رەئىس جياڭ زېمىن ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى: ”زامانىۋى پەن-تېخنىكا بولۇپمۇ يۇقىرى پەن-تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن قىسىملىرىمىزنى قوراللاندۇرۇشقا تىرىشىشىمىز كېرەك.“ ئۇ يەنە: ”ئەگەر ھەممەيلەن توغرا ئىدىيىۋى نەزەرىيە بىلەن قوراللانسا، ھەممەيلەن زامانىۋى پەن-تېخنىكا بولۇپمۇ يۇقىرى پەن-تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن قوراللانسا، ئارمىيىمىزنىڭ ئىنقىلابىيلەشىش، زامانىۋىلىشىش، مۇنتىزىملىشىش قۇرۇلۇشى تۈپ كاپالەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ، پۈتۈن ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇش سۈپىتى ۋە جەڭگىۋارلىقى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولىدۇ“ دەپ كۆرسەتتى. رەئىس جياڭ زېمىننىڭ بۇ مۇھىم يوليورۇقلىرى ماۋ زېدۇڭ ھەربىي ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئىدىيىسى ئارقىلىق ئارمىيىمىزنىڭ قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان مۇھىم تەدبىر بولۇپ، ئۇنىڭدا يېڭى دەۋردە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى ئېچىپ كۆرسىتىلگەن، ئارمىيىمىزنىڭ تەلىم-تەربىيە، مەشىق ۋە كادىرلارنى تەربىيىلەش، كادىرلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ئىشلىرىدىكى زور بۇرۇلۇش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. پۈتۈن ئارمىيىدىكى بارلىق قىسىملار رەئىس جياڭ زېمىننىڭ

يولىيورۇقىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ، قەتئىي ئېغىشماي دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق ئىدىيىنى قوراللاندۇرۇش بىلەن بىرگە، زامانىۋى پەن-تېخنىكا بولۇپمۇ يۇقىرى پەن-تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن قوراللاندۇرۇش ئىشىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، زامانىۋى پەن-تېخنىكا بولۇپمۇ يۇقىرى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى كەڭ كۆلەمدە، چوڭقۇر، ئۇزاققىچە ئۆگىنىش دولقۇنىنى تېزلىكتە قوزغىشى ۋە شەكىللەندۈرۈشى لازىم.

## 1. زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىللىۋېلىش— ئارمىيىنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى بىر تۈرلۈك ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپە

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن ئارمىيىنىڭ رەئىس جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم يولىيورۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشى ئارقىسىدا، قىسىملاردا زامانىۋى پەن-تېخنىكا بولۇپمۇ يۇقىرى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش جەھەتتە ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بىراق، شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتى باشلانغىنىغا تېخى ئۇزاق ۋاقىت بولمىغاچقا، ئىدىيىۋى تونۇشىمىز جەھەتتىمۇ، ئەمەلىي خىزمەت جەھەتتىمۇ خېلى چوڭ يېتىشسىزلىكلەر بار. زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى تازا ئۈنۈملۈك ھالدا قانات يايدۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئىدىيىۋى تونۇشىمىزنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.

**زامانىۋى پەن-تېخنىكا بولۇپمۇ يۇقىرى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىللىۋېلىش—دۇنيا ھەربىي ئىشلار تەرەققىياتىدىكى مۇسابىقىنى كۈتۈۋېلىشنىڭ دەۋر تېمىسىدۇر.** ھازىرقى دۇنيادا، نۇرغۇن دۆلەتلەر بولۇپمۇ چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئىقتىسادىي رىقابەت ۋە پەن-تېخنىكا رىقابىتى بولۇش بىلەن بىللە، ھەربىي رىقابەتمۇ بولۇۋاتماقتا. دۇنيا مىقياسىدىكى ھەربىي ئىشلار ساھەسىدە ئۆزگەرتىش ئىشلىرى ئەۋج ئالماقتا، ھەربىي چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئارمىيىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى تەڭشەپ، ئارمىيىنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، سۈپەت جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشكە تىرىشماقتا. دۇنيانىڭ ھەربىي ئىشلار ساھەسىدە يېڭى زور بۆسۈش بارلىققا كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا. ھەربىي ئىشلار ساھەسىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنىڭ چوڭ ئارقا كۆرۈنۈشى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىدىن ئىبارەت. زامانىۋى پەن-تېخنىكىنىڭ ھەربىي ئىشلار ساھەسىگە كۆرسەتكەن تەسىرى، ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تارىختىكى ھەرقانداق دەۋردىكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. كۆپلىگەن پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، كۈنسايىن يېڭىلىنىۋاتقان پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى چوڭقۇر ئۆزگەرتىۋاتىدۇ. 70-يىللاردىن بۇيان،

ئۇچۇر تېخنىكىسى، بىئولوگىيىلىك تېخنىكا، يېڭى ماتېرىياللار تېخنىكىسى، ئالەم قاتنىشى تېخنىكىسى، يېڭى ئېنېرگىيە تېخنىكىسى ۋە دېڭىز-ئوكيان تېخنىكىسى قاتارلىقلار ۋەكىل قىلىنغان زور بىر تۈركۈم يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلار تېزدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ ۋە ھەربىي ئىشلار ساھەسىدە كەڭ قوللىنىلىپ، ئۇرۇشنىڭ قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش ياسىدى. پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى كۆپ دۆلەت قىسىملىرىنىڭ ”قۇملۇق بورىنى“دا ئىشلەتكەن قورال-ياراغلىرىنىڭ ئىلغارلىق دەرىجىسى كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. بىرنەچچە يىل ۋاقىت ئۆتە-ئۆتمەيلا، ئۇلارنىڭ يېقىنقى ئىراق قوراللىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش كرىزىسىدا قوزغىغان ”قۇملۇق كۇلدۇرمامىسى“ ھەرىكىتىدە نامايان قىلغان قورال-ياراغلىرىدا يەنە بەزىبىر يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بىز ھازىر ئىنتايىن قاتتىق سىناققا دۇچ كېلىۋاتىمىز، ۋەزىيەت بىزنى قاتتىق قىستاۋاتىدۇ. ئارمىيىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار چوقۇم دۇنيا پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى، ھەربىي ئىشلار ساھەسىدە مەيدانغا كېلىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى ئېنىقلىۋېلىپ، ئالدىن كۆرەرلىك قىلىپ، زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشى ۋە ئىگەللىۋېلىشى كېرەك. ھازىرقى ھالەت ۋە ھازىرقى بىلىم سەۋىيىسى بىلەن قانائەتلىنىپ قېلىپ، چىڭ تۇتۇپ ئۆگەنمەيدىغان بولسا، دۇنيا ھەربىي ئىشلار تەرەققىياتىنىڭ ئېقىمىدىن كۆپ ئارقىدا قېلىپ قالىدۇ.

**زامانىۋى پەن-تېخنىكا بولۇپمۇ يۇقىرى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگەللىۋېلىش—يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىستراتېگىيە فاڭجېننى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ مۇقەررەر تەلىپىدۇر.** يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىستراتېگىيە فاڭجېنى دۆلىتىمىزنىڭ بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىگە ۋە ئارمىيەمىزنىڭ ئۈستىگە ئېلىش ئېھتىمالى بولغان ئۇرۇش قىلىش ۋەزىپىسىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىستراتېگىيە فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇپ، زامانىۋى تېخنىكا بولۇپمۇ يۇقىرى تېخنىكا شارائىتىدىكى قىسمەن دائىرىلىك ئۇرۇشلاردا غەلىبە قازىنىش پارتىيە ۋە خەلق ئارمىيىمىزگە يۈكلىگەن مۇقەددەس بۇرچتۇر. رەئىس جياڭ زېمىن ئارمىيىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىككى مەسىلىسىگە باشتىن-ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈپ كەلمەكتە، ئۇنىڭ بىرسى ئارمىيىمىزنىڭ مۇرەككەپ خەلقئارا مۇھىتتا دۇنيا ھەربىي ئىشلار تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىگە يېتىشىۋېلىپ، كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان يۇقىرى تېخنىكىلىق ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلىش-قىلالماسلىق مەسىلىسىدىن ئىبارەت. يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىستراتېگىيە فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلەر ناھايىتى كۆپ، لېكىن ئىنتايىن مۇھىم، ئىنتايىن جىددىي بىر ۋەزىپە پۈتكۈل ئارمىيىنىڭ زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، كەلگۈسىدىكى ھەربىي كۈرەشلەرگە ئىختىساسلىق خادىم ۋە بىلىم جەھەتلەردىن تەييارلىق كۆرۈپ قويۇپ، زامانىۋى ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بىر تۈركۈم قوماندانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يۇقىرى پەن-تېخنىكا بىلىملىرى زامانىۋى ئۇرۇشنى بىلىشتىكى بىر ئاچقۇچتۇر. پەقەت زامانىۋى پەن-تېخنىكا بولۇپمۇ يۇقىرى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن ۋە

ئىگەللىۋالغاندىلا، ئاندىن زامانىۋى ئۇرۇشنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، سۈپەت ۋە ئىقتىدار جەھەتتىكى سەكرەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، زامانىۋى ئۇرۇشنى ئىدارە قىلىشتا تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئىگەللىمەي تۇرۇپ، زامانىۋى يۇقىرى تېخنىكىلىق ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىدىغان ھەربىي نەزەرىيە، ئۇرۇش قىلىش تەدبىرى ۋە قوماندانلىق سەنئىتىنى شەكىللەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس، بۇنداقتا يۇقىرى تېخنىكا شارائىتىدىكى قىسمەن دائىرىلىك ئۇرۇشلاردا غەلىبە قازىنىشمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇڭلاشقا، رەھبىرىي كادىرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگەللىۋېلىش جەھەتتە ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېغىر، ئۇلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ تېخىمۇ يۇقىرى، ئۇلار تېخىمۇ كۆپرەك، تېخىمۇ ياخشىراق ئۆگىنىشى لازىم.

**زامانىۋى پەن-تېخنىكا بولۇپمۇ يۇقىرى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگەللىۋېلىش—"ئىككى ئۆزگىرىش"نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئارمىيىمىزنىڭ سۈپەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئۇللۇق قۇرۇلۇشتۇر.** سۈپەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئارمىيىمىزنىڭ مىقدار-كۆلەم تىپىدىكى ئارمىيىدىن سۈپەت-ئۈنۈم تىپىدىكى ئارمىيىگە، ئادەم كۈچىنى كۆپ تەلەپ قىلىش تىپىدىكى ئارمىيىدىن پەن-تېخنىكىنى كۆپ تەلەپ قىلىش تىپىدىكى ئارمىيىگە ئۆزگىرىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئەمەلىيەتتە، قورال-ياراغلارنىڭ پەن-تېخنىكا تەركىبىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىدىغان، كەڭ ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنىڭ پەن-تېخنىكا ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىدىغان تارىخىي جەرياندۇر. بۇ تارىخىي جەريان ھەر بىر ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەندە، زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگەللىۋېلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بەزى يولداشلاردا، ئارمىيىنىڭ سۈپەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش دېگەنلىك ئاساسلىقى قورال-ياراغلارنى ياخشىلاش دېگەنلىكتۇر، دەپ ھېسابلايدىغان خاتا چۈشەنچە بار. قىلچە شەك-شۈبھە يوقكى، قورال-ياراغلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئارمىيىنىڭ سۈپەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى ئىنتايىن مۇھىم ئىش، لېكىن تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش، ئادەمنىڭ زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، چۈنكى، يۇقىرى تېخنىكىلىق قوراللارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئادەمگە باغلىق، يۇقىرى تېخنىكىلىق قورال-ياراغلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ھەم جەڭگىۋار كۈچنى ھاسىل قىلىشمۇ ئادەمگە باغلىق. بىزنىڭ قورال-ياراغلىرىمىز ئومۇمىي جەھەتتىن بىرقەدەر ئارقىدا، ئۇنىڭ يېڭىلىنىشى ئۈچۈن بىر جەريان كېرەك، لېكىن ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ۋە بىلىم جەھەتتىن تەييارلىق كۆرۈشنىڭ دەۋرىيلىكى تېخىمۇ ئۇزۇن بولىدۇ، بىرنەچچە يىل كېچىكىپ تۇتۇش قىلىنسا، بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ تەربىيە ئېلىشىغا دەخلى قىلىپ، قىممەتلىك تارىخىي پۇرسەت قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇلۇشى مۇمكىن. رەئىس جياڭ زېمىن ئاللىبۇرۇنلا: "ئىختىساسلىق خادىملار قورال-ياراغنى كۈتۈپ تۇرسا تۇرسۇنكى، قورال-ياراغ ئىختىساسلىق خادىملارنى كۈتۈپ تۇرمىسۇن" دېگەنىدى. ھازىرقى مەسىلە شۇكى، بەزى قىسىملاردا قورال-ياراغ ئىختىد-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ساسلىق خادىملارنى كۆتۈپ تۇرۇشتەك ئېغىر ئەھۋال كۆرۈلدى. بەزى ئۇلغار قورال-ياراغلارنىڭ ئىشلىتىلىش جەريانىدا زور ھادىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى كۆپ چاغلاردا باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ پەن-تېخنىكا ساپاسى تۆۋەنلىكىدىن، يېڭى قورال-ياراغنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ھەقىقىي ئىگەللىۋالالمىغانلىقىدىن بولغان. بۇ ئەھۋاللار بىزنىڭ يۈكسەك دىققەت-ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى لازىم. قورال-ياراغ قانچە زامانىۋىلاشقانسېرى، ئادەمنىڭ پەن-تېخنىكا ساپاسىغا قويۇلىدىغان تەلەپ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى تۇتىمىغاندا، ئارمىيىنىڭ سەپەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ.

**ئۆگىنىشنى تۇتۇش ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش، شۇ ئارقىلىق يېڭى ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇلۇشقا ماسلىشىپ، يېڭى ئۇلۇغ تارىخىي ۋەزىپىنى زىممىگە ئېلىش—رەئىس ماۋ زېدۇڭ، رەئىس دېڭ شياۋپىڭ ۋە رەئىس جياڭ زېمىننىڭ پارتىيىنى ئىدارە قىلىش، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ئارمىيىنى ئىدارە قىلىشتىكى ئىزچىل ئىدىيىسىدۇر.** دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى-كەينىدىلا، رەئىس ماۋ زېدۇڭ پارتىيە خىزمىتى ئۇرۇش قىلىشتىن قۇرۇلۇش قىلىشقا بۇرۇلۇۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرنى "يېڭىباشتىن ئۆگىنىش" ۋە پەن-تېخنىكىغا قاراپ يۈرۈش قىلىشقا چاقىرغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا، پۈتۈن ئارمىيىدىكىلەر رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ چاقىرىقىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ، تېزلىكتە ساۋات چىقىرىش دولقۇنىنى كۆتۈرگەنىدى، نۇرغۇن پېشقەدەم يولداشلىرىمىز ئەنە شۇ چاغلاردا مەدەنىيەت جەھەتتە ئاساس سېلىۋالغانىدى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ يۆتكىلىشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، رەئىس دېڭ شياۋپىڭ "پۈتۈن پارتىيىدىكىلەر يېڭىباشتىن بىر قېتىم ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىشى لازىم" دەپ يەنە بىر قېتىم چاقىرىق چىقاردى، بىزنىڭ "قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئىقتىدارىنى ياخشى ئىگەللىۋالالمىغان"لىقىمىزنى، يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ چوقۇم باشلامچىلىق بىلەن "زامانىۋى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈستىدە ئىزدىنىشى" لازىملىقىنى كۆرسەتتى. ئۇ يەنە ئارمىيىمىزدىكى "ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ زامانىۋى ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارى ناھايىتى كەمچىل" ئىكەنلىكىنى، "زامانىۋى ئۇرۇشقا دائىر بىلىملەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى لازىم"لىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتتى. رەئىس دېڭ شياۋپىڭنىڭ زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىشى ۋە بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىشى ئارقىسىدا، ئارمىيىمىزدە يۈزدىن ئارتۇق شۆيۈەن-مەكتەپ تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، مۇنتىزىم مائارىپ ۋە مۇنتىزىم تەلىم-تەربىيە قايتىدىن باشلاندى. يېڭى تارىخىي دەۋردە، رەئىس جياڭ زېمىن ھەر قېتىمقى يىغىندا دېگۈدەك ئۆگىنىش ئۈستىدە توختالماي قالمىدى. ئۇ 1993-يىلىلا مۇنداق ئىككى مەسىلە ئۈستىدە خېلى كۆپ باش قاتۇرغانىدى: بىرى، ئارمىيە كادىرلىرىنىڭ يۇقىرى تېخنىكا شارائىتىدىكى ئۇرۇشقا دائىر بىلىم سەۋىيىسىنى ئىمكانقەدەر تېزرەك يۇقىرى كۆتۈرۈش مەسىلىسى؛ يەنە بىرى، جايلاردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر بىلىملەرنى مۇمكىنقەدەر تېزرەك ئۆگىنىش ۋە ئىگەللىۋېلىش مەسىلىسى. رەئىس

جىياڭ زېمىن "باش قاتۇرغان" بۇ ئىككى مەسىلە دۆلەت ۋە ئارمىيىنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىدىكى ھالقىلىق مەسىلە بولۇپ، ئۇنىڭدا رەئىس جىياڭ زېمىننىڭ دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىگە بولغان ئېنىق تونۇشى ھەمدە دۆلەت ۋە ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى چوڭقۇر ئوي-پىكرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. پۈتۈن ئارمىيىدىكى يولداشلار بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار چوقۇم دەۋر يۈكسەكلىكىدە، تارىخ يۈكسەكلىكىدە ۋە ئىستراتېگىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى ھەقىقىي تۈردە رەئىس جىياڭ زېمىننىڭ مۇھىم يوليورۇقى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى پۇختىلىق بىلەن چىڭ تۇتۇشى لازىم.

## 2. زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى ئارمىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھاتىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىشنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك

زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى تۇتۇشتا ئېنىق بىر يېتەكچى ئىدىيە بولۇشى، توغرا ئۆگىنىش يولى بولۇشى، ياخشى بىر ئۆگىنىش ئىستىلى بولۇشى لازىم. مۇشۇ تۈپ خاراكتېرلىك مەسىلىلەر ياخشى ھەل قىلىنغاندىلا، ئاندىن ئۆگىنىشتە ئىزچىل تۈردە توغرا نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىگىلى، ئۆگىنىشنىڭ ھەقىقىي ئۈنۈمىنى ۋە نەتىجىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

بىرىنچىدىن، **ئۆگىنىشتە سەممىي پوزىتسىيە تۇتۇش، پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك.** زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشتە بەزى ئاساسىي خاراكتېرلىك بىلىملەردىن باشلاپ تۇتۇش قىلىپ، قەدەممۇقەدەم ئىلگىرىلەپ، پەيدىنپەي يۇقىرى ئۆرلەش كېرەك. بۇ—ئۆگىنىشتىكى ئومۇمىي قانۇنىيەت، شۇنداقلا ئارمىيىمىزدىكى كادىرلار قوشۇنىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالىغىمۇ ئۇيغۇن. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئارمىيىمىزدىكى كادىرلار بولۇپمۇ يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلار ئىچىدە، ئاز بولمىغان يولداشلار زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىدىن ئانچە كۆپ خەۋەردار ئەمەس. بۇ ھال بىزدىن سەممىي پوزىتسىيە بىلەن، زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ABC دىن باشلاپ ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ، نەتىجە قازىنىشقا بەك ئالدىراپ كېتىشكە بولمايدۇ. ئارمىيىدىكى يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلار زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئىگىلەپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس، لېكىن زامانىۋى پەن-تېخنىكىغا دائىر ئاساسىي بىلىملەرنى بىلىشى ۋە ئىگىللىۋېلىشى، زامانىمىزدىكى پەن-تېخنىكا تەرەققىيات-

www.uyghurkitap.com

ىنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىلىرىنى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى بىلىشى ۋە ئىگىلىۋېلىشى، يۇقىرى پەن-تېخنىكىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىغا تەتبىقلىنىشىنى بىلىشى ۋە ئىگىلىۋېلىشى شەرت. بىزنىڭ كادىرلىرىمىز، مەيلى خىزمەت ئورنى يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولسۇن، مەيلى قايسى خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بولسۇن، ھەممىسى مۇشۇ تەلەپكە يېتىشى كېرەك. ئەگەر ئاساسىي بىلىملەردىنمۇ خەۋىرىمىز بولمىسا، ”ئۆگىنىشكە قەدەم تاشلاش“ مەسىلىسىنى ھەل قىلالمايمىز، ئالاقىدار بولغان ئەمەلىي بىلىملەرنى چۈشىنەلمەيمىز، ئىگىلىيەلمەيمىز، بۇنداقتا زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلىۋېلىش ئىشەنچىسىنىمۇ تىكلىيەلمەيمىز. يۇقىرى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە قەدەم تاشلاش بىرقەدەر قىيىن، لېكىن ئۆگىنىشكە قەدەم تاشلاش قانچە قىيىن بولسا، ئاساسىدىن باشلاپ ئۆگىنىش شۇنچە زۆرۈر. ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، بېرىلىپ ئۆگەنسەكلا، قىيىنچىلىق بارغانسېرى ئازىيىدۇ، قازانغان نەتىجىمىز بارغانسېرى كۆپىيىدۇ، ئىشەنچىمىزمۇ بارغانسېرى ئاشىدۇ.

ئىككىنچىدىن، **قىسىملار قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك.** ئارمىيىمىزدىكى يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەت زور بولغاچقا، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسى ۋە بىلىم دائىرىسى كەڭرەك بولۇشى لازىم. زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنىڭ تارماقلىرى كۆپ، مىقدارى سان-ساناقسىز، شۇڭا بىز نىشانسىز ھالدا ئۇدۇل كەلگەننى ئۆگىنىۋەرسەك بولمايدۇ، مۇتەخەسسىس، ئالىملاردەك ئۇنچىلىك چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ كېتىشىمىزمۇ، ئۇنچىلىك سىستېمىلىق ئۆگىنىشىمىزمۇ مۇمكىن ئەمەس، چوقۇم مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. ئومۇمىي تەلەپ: ئارمىيىنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يۇقىرى تېخنىكا شارائىتىدىكى قىسمەن دائىرىلىك ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى يېقىندىن چۆرىدىگەن ھالدا، پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى كۆپرەك ئىگىلىۋېلىش، پەن-تېخنىكا ئېڭىنى كۈچەيتىش، پەن-تېخنىكا ساپاسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە كۈچ چىقىرىش؛ يۇقىرى تېخنىكا شارائىتىدىكى قىسمەن دائىرىلىك ئۇرۇشنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتتە كۈچ چىقىرىش، يۇقىرى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى قوللىنىپ قىسىملارنىڭ قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە كۈچ چىقىرىشتىن ئىبارەت. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ھەر بىر كىشى ئۆز خىزمىتىنىڭ خاراكتېرىگە، ئۆزىنىڭ بىلىم ئاساسىغا ۋە ئۆزىدە يۇقىرى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنىڭ جۇغلىنىش ئەھۋالىغا قاراپ، ئۆگىنىشتە مەلۇم تەرەپلەرگە كۆپرەك ئېتىبار بېرىشى، قايسى خىزمەتنى ئىشلەۋاتقان بولسا، شۇ خىزمەتكە دائىر بىلىملەرنى ئۆگىنىشى، قايسى جەھەتتىكى بىلىم كەمچىل بولسا، شۇ جەھەتتىكى بىلىمنى تولۇقلىۋېلىشى لازىم. نۆۋەتتە، نۇرغۇن قىسىملاردا بەزىبىر يېڭى قورال-ياراغلار بارلىققا كەلدى، ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان يېڭى تېخنىكا، يېڭى بىلىملەرنى پىششىق ئىگىلىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى ھالدا جەڭگىۋار كۈچ ھاسىل قىلىش لازىم. قىسىملارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەڭ ئېھتىياجلىق، ئەڭ يارامىلىق بولغان مەزمۇنلارنى چوقۇم ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش

لازىم. ھېسابلاش ماشىنىسىغا دائىر بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭدا ئاددىي ساۋاتلارنى بىلىۋېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ زامانىۋى ئۇرۇش ۋە ئارمىيىنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىدىكى كەڭ كۆلەملىك رولىنى ھەقىقىي ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ھەمدە مۇمكىنقەدەر پىششىق مەشغۇلات ئېلىپ بارالايدىغان بولۇش كېرەك. بولمىسا، ئارمىيىنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتىن، زامانىۋى ئۇرۇش قىلىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، **ئۆگىنىشنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشتا چىڭ تۇرۇش لازىم.** ئۆگىنىش ئىستىلىنىڭ قانداق بولۇشى ئۆگىنىشتە ئۇنۇم ھاسىل قىلىش-قىلالماسلىققا، نەتىجە قازىنىش-قازىنالماسلىققا، ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش-تەتبىقلىيالماسلىققا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. زامانىۋى پەن-تېخنىكا بولۇپمۇ يۇقىرى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشتە ئوخشاشلا رەئىس جياڭ زېمىن تەشەببۇس قىلغان ئەستايىدىل ئۆگىنىش، دېموكراتىك ئاساستا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش، ئاكتىپ ئىزدىنىش، راستچىل-ئەمەلىيەتچىل بولۇشتەك ياخشى ئۆگىنىش ئىستىلىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بىز ئۆگىنىشتە زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ھەربىي كۈرەشلەردە ئەمەلىي قوللىنىشنى، قىسىملار قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھاتى ئۈستىدە ئىلمىي ھالدا پىكىر يۈرگۈزۈشنى، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى كۆزدە تۇتۇشىمىز لازىم. ھازىر، ئارمىيىمىز تۇرۇۋاتقان خەلقئارا ۋە ئىچكى مۇھىتتا چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى، دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىدا نۇرغۇنلىغان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى. زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشتە ئىككى بىرلەشتۈرۈشنى ياخشى يولغا قويۇش كېرەك. بىرى، زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى يېڭى ۋەزىيەتتە ئارمىيىنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. يېڭى نۇقتىئىنەزەر ۋە ئىلمىي تەپەككۇر ئۇسۇلى ئارقىلىق قىسىملارنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشى، ھەربىي تەلىم-تەربىيە، مەمۇرىي باشقۇرۇش، شتات تۈزۈلمىسى، دۆلەت مۇداپىئە پەن تەتقىقاتى، ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جەھەتلەردە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، يېڭى يول، يېڭى چارە-ئۇسۇللارنى ئىزدەپ تېپىپ، ئارمىيىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە يۈكسىلىشىنى ئالغا سۈرۈش لازىم. يەنە بىرى، زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى يۇقىرى تېخنىكا شارائىتىدىكى قىسمەن دائىرىلىك ئۇرۇشنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. بىز ئارمىيىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيىسى جەھەتتە غەربتىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئارمىيىلىرى بىلەن خېلى زور پەرقى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز، ئەمما پەرقنى ئېتىراپ قىلغانلىقىمىز ئۆزىمىزنى بەك تۆۋەن چاغلىغانلىق، ئارقىدا قېلىشقا رازى بولغانلىق ئەمەس، بۇنىڭدا قوغلاپ يېتىشىۋېلىشنى مەقسەت قىلىمىز، باشقىلارنىڭكىنى ئەينەك قىلىشتىن مەقسەت ئۆزىمىزنى ئۈستۈرۈش. بىزنىڭ بۇ ئارمىيىمىز ئەزەلدىنلا كۈچ سېلىشتۇرمىسى توغرىسىدىكى

www.uyghurkitap.com

سەپسەتىلەرگە ئىشەنمەيدۇ، ئاجىز كۈچ بىلەن ئۈستۈن كۈچنى يېڭىشكە ماھىر كېلىدۇ. يۇقىرى تېخنىكا ئۇرۇش ھالىتىنى ۋە جەڭ قىلىش ھالىتىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، لېكىن ئادەم ئامىلى، ئۇرۇشنىڭ ئادالەتچىللىكى، خەلق قەلبىنىڭ مايىللىقى ھەممە ۋاقىتتا ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىنى بەلگىلەشنىڭ ئاساسىي ئامىلى بولىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا، قەتئىي ئىشىنىشىمىز، قەتئىي تەۋرەنمەسلىكىمىز، ھەرگىزمۇ "قورال-ياراغ ھەممىنى بەلگىلەيدۇ نەزەرىيىسى"نىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن يولدىن ئادىشىپ قالماسلىقىمىز كېرەك. بىز ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزىمىزگە خاس ئۈستۈنلۈكىمىزنى ئېنىق كۆرۈپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىمىزنى باشتىن-ئاخىر ساقلاپ قېلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز ھەربىي كۈرەش ۋەزىپىسىگە زىچ بىرلەشتۈرگەن ھالدا، كەلگۈسى ئۇرۇشتىكى ئاساسلىق رەقىبلەرنىڭ ئەھۋالى، يۇقىرى تېخنىكىلىق قورال-ياراغلارنىڭ ئۇرۇش ھەرىكىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ۋە قوللىنىشقا تېگىشلىك تەدبىر، يۇقىرى تېخنىكا شارائىتىدا خەلق ئۇرۇشى ئىدىيىسىنىڭ تەتبىقلىنىشى، كەلگۈسىدىكى قىسمەن دائىرىلىك ئۇرۇشتىكى ئۇرۇش قىلىش ئەندىزىسى، كۆلىمى ۋە ۋاستىسى قاتارلىق مەسىلىلەرنى بىر-بىرلەپ تەتقىق قىلىپ ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىشىمىز، شۇ ئارقىلىق ئۆگىنىشنىڭ قاتلاملىقلىقى، تەتبىقلىنىشچانلىقى ۋە تەدبىرچانلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ھەربىي نەزەرىيىمىزنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ، زامانىۋى ئۇرۇشنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم. قىسقىسى، ئۆگىنىش ۋە تەتبىقلاش ئارقىلىق، زامانىۋى پەن-تېخنىكا بولۇپمۇ يۇقىرى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ھەقىقىي تۈردە ئارمىيىمىزنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىدىكى مۇھىم تۈرتكىلىك كۈچكە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

## 3. پارتكوم تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، قىسىملاردا ھەقىقىي تۈردە زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش دولقۇنىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك

يېڭى تارىخىي دەۋردە، **دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش دۆلىتىمىز ۋە مىللىتىمىز مەنپەئەتىنىڭ تۈپ تەلىپى، شۇنداقلا ئارمىيىمىز ئۆز زىممىسىگە ئالغان تارىخىي بۇرچتۇر.** زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئومۇمىي خاراكتېرلىك ۋەزىپە، قىسىملارنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتكوملىرى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتا ئەڭ مۇھىمى تەلىم-تەربىيە ۋە مەشىقنى كۈچەيتىپ، ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنى قوراللاندۇرۇشى كېرەك. شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىش كېرەككى، ھازىرقى دەۋردە، پەن-تېخنىكا جەڭگىۋار كۈچ دېمەكتۇر، پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش

جەڭگىۋار كۈچنى ئاشۇرغانلىق بولىدۇ، زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى تۇتۇش جەڭگىۋار كۈچنى يېتىلدۈرۈشنى تۇتقانلىق بولىدۇ. بىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە رەھبەرلىرىمىز مۇشۇ تەلەپكە ماسلىشىپ، زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە بولغان تونۇشتا زور ئۆزگىرىش ياسىشى كېرەك. زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئارمىيىنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىغا ۋە ئۇنىڭ يىراق كەلگۈسى تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. بۇ زور ئىشنى ياخشى تۇتۇش قىسىملاردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش-بەرمەسلىك مەلۇم بىر دەرىجىلىك پارتكومنىڭ، مەلۇم بىر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ئومۇميلىق كۆزقارىشىغا، زامانىۋى ئاڭغا ۋە ئىستراتېگىيىلىك نەزەر دائىرىگە ئىگە بولغان-بولمىغانلىقىنى، يۈكسەك تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىققا ئىگە بولغان-بولمىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. زامانىۋى پەن-تېخنىكىنىڭ بولۇپمۇ يۇقىرى پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئارمىيىنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىدا غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. بۇنداق ۋەزىيەت بىر تەرەپتىن بىزنى قاتتىق سىناققا يۈزلەندۈردى، ئەگەر بىزنىڭ نەزەر دائىرىمىز قىسقا، ھەرىكىتىمىز ئاستا بولىدىغان بولسا، دۇنيا ھەربىي ئىشلار ساھەسىدىكى زامانىۋىلاشتۇرۇش تەرەققىياتىنىڭ ئېقىمىدىن كۆپ ئارقىدا قالىمىز؛ يەنە بىر تەرەپتىن بىزنى تارىخىي خاراكتېرلىك پۇرسەت بىلەنمۇ تەمىنلىدى، ئەگەر بىزنىڭ فاڭجېنىمىز توغرا، تەدبىرىمىز كۈچلۈك بولىدىغان بولسا، ئارمىيىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك تۈردە ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. پارتكوملار زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى تۇتۇشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتى دەپ بىلىپ، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بىلەن قىسىملارنىڭ زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى ئوبدان تۇتۇشى لازىم. زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى تۇتماسلىق پارتكومنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئىدىيىۋى كۆزقاراشنى يېڭىلاپ، خىزمەت توغرىسىدىكى پىكىر-خىياللارنى ئۆزگەرتىپ، زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە بولغان تونۇشنى "پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش"، "پەن-تېخنىكا ئارقىلىق ئارمىيىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش"تىن ئىبارەت ئىستراتېگىيە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنى ھەممىدىن مۇھىم بولغان چوڭ ئىش قاتارىدا تۇتۇش، تۇتقاندىمۇ قىلچە بوشاشماي چىڭ تۇتۇپ، ھەقىقىي يوسۇندا قىسىملارنىڭ تەلىم-تەربىيە، مەشىق يولىغا، كادىرلارنىڭ تەربىيە ئېلىش ۋە خىزمەتتىن ئايرىلماي تۇرۇپ ئۆگىنىش يولىغا، شۆيۈەن-مەكتەپ مائارىپى يولىغا سېلىپ، ئۆگىنىشنى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

**پارتكوم زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى تۇتۇشتا، ئومۇمىي چاقىرىق ئۈستىدىلا توختاپ قالماي، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلىشى كېرەك.** ھازىر بەزى خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيلەشمەسلىكىدىكى مۇھىم بىر ساۋاق شوئار تۇۋلاش كۆپ، ئەمەلىي ئىشلەش ئاز بولۇپ قېلىشتىن ئىبارەت. زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى تۇتۇشتا، ئېغىزدا، يىغىنلاردا، ھۆججەت ئۈستىدىلا توختاپ

قالماستىن، بەلكى ھەقىقىي تۈردە قاتتىق تۇتۇش، چىڭ تۇتۇش، ئەمەلىي تۇتۇش كېرەك. رەئىس جياڭ زېمىن يىغىندا تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئارمىيىنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە ئۆيدە ئولتۇرۇپ قۇرۇق گەپ ساتماستىن، ئارمىيىمىزنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتكە كېلىش ئۇستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىر مىنۇت ۋاقىتنىمۇ قولدىن بەرمەي، جاپاغا چىداپ ئەمەلىي ئىشلەپ، پۇختا قەدەم بىلەن كۆزلەنگەن نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەش كېرەك. بۇ يولىيورۇقنىڭ قاراتمىلىقى ناھايىتى كۈچلۈك. زامانىۋى پەن-تېخنىكا بولۇپمۇ يۇقىرى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئارمىيىمىز ئۈچۈن بىر يېڭى ئىش، ئۆگىنىشنىڭ مەزمۇنى، ئۇسۇلى، تۈزۈمىدىن تارتىپ ئۆگىنىش كاپالىتىگىچە بولغان ھەرقايسى ھالقىلاردا ئاز بولمىغان مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئۆگىنىش ۋاقتىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش، خىراجىتىنى نەدىن تېپىش، دەرسلىكنى قانداق قېلىپلاشتۇرۇش، قانداق نىشانغا يېتىش، ئۈنۈمىنى قانداق تەكشۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ، بىرقەدەر مۇكەممەل، ئۈنۈملۈك بولغان بىر يۈرۈش ئۆگىنىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئىشىنى ھەقىقىي تۈردە تۈزۈملىشىش، قېلىپلىشىش يولىغا سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشتە، ساختا غەيرەتكە كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ، "شامال چىقىرىش"قا بولمايدۇ، شەكىلۋازلىقتىن ساقلىنىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئاياىماي مەبلەغ سېلىشىمىز لازىم. ھازىر بەزى ئورۇنلاردا ئۆگىنىش خىراجىتى قىس دېگەن ئىنكاس بار. بۇ مەسىلىنى كونكرېت تەھلىل قىلىش كېرەك. ھەربىي خىراجەتنىڭ قىسلىقى بىلەن ئارمىيە زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئوبيېكتىپ ھالدا مەۋجۇت، ئۇنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تۈپ ئاساسىدىن ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ھەقىقىي تۇتۇش، ئەمەلىي تۇتۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ، بارلىق ئىشلارنى تىرىشچانلىق-ئىقتىسادچىللىق بىلەن باشقۇرۇش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغانلا بولسا، پۇل چىقىرىپ ئۆگىنىشكە كاپالەتلىك قىلىش مۇمكىن. ھازىر بەزى جايلار ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە، "پەن-تېخنىكا ئارقىلىق ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش"، "پەن-تېخنىكا ئارقىلىق ئارمىيىگە ياردەم بېرىش"نى گەۋدىلەندۈرۈپ، "پەن-تېخنىكا ئارقىلىق ئارمىيىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش"قا يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشتى. بۇ، دۆلەتكە، ئارمىيىگە، خەلققە پايدىلىق ئىش، شۇڭا، ئۇنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك.

**٧. ئارمىيىدىكى يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلار كۈچلۈك بۇرچ تۇيغۇسى ۋە تەقەززالىق تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇپ، باشلامچىلىق بىلەن زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشى كېرەك.**

ئارمىيىنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىش-چىقالماسلىقى تولاراق يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ناھايىتى يۇقىرى بولغان زامانىۋى پەن-تېخنىكا ساپاسىغا ئىگە بولۇش-بولماسلىقىغا باغلىق.

قابىل قوماندانىنىڭ قول ئاستىدا زەئىپ ئەسكەر بولمايدۇ. پەن-تېخنىكا ئارقىلىق ئارمىيىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا، ئالدى بىلەن كادىرلارنى، بولۇپمۇ يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى قۇدرەت تاپقۇزۇش كېرەك. پەقەت زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگەللىگەن زور تۈركۈم رەھبىرىي كادىرلارنى تەربىيىلەپ ۋە يېتىشتۈرۈپ چىققاندىلا، ئاندىن دۇنيا ھەربىي ئىشلار ساھەسىدىكى ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات قەدىمىگە يېتىشۋېلىپ، زامانىۋى تېخنىكا بولۇپمۇ يۇقىرى تېخنىكا شارائىتىدىكى قىسمەن دائىرىلىك ئۇرۇشنى ئوبدان ئىدارە قىلغىلى، ئاندىن دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىيىتى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ مەسىلىنى ئويلاپ، قىسىملارنىڭ ئىسلاھاتىنى ئوبدان پىلانلىغىلى ۋە ئۇنىڭغا ئوبدان رەھبەرلىك قىلغىلى، ئاندىن ئارمىيىنى ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىگىلەپ، قىسىملارنى، ئەسكەرلەرنى ئوبدان باشقۇرغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەقەت رەھبىرىي كادىرلار زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى باشلامچىلىق بىلەن ياخشى ئۆگەنگەندىلا، ئاندىن كۈچلۈك تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ھاسىل قىلىپ، قىسىملارنىڭ ئۆگىنىشىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىش دولقۇنىنى شەكىللەندۈر-گىلى بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ زىممىسىدىكى يۈكى ئېغىر، مەسئۇلىيىتى زور، ئۇلاردا خىزمەت بىلەن ئۆگىنىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت گەۋدىلىك؛ يېشى بىرقەدەر چوڭ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى يېتىشمەيدۇ؛ زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرى جەھەتتە ئاساسى ناچار، ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىقى كۆپ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشكە كىرىشىش-كىرىشەلمەسلىكى، بېرىلىپ ئۆگىنىش-ئۆگىنەلمەسلىكى، مۇھىمى، ئۇلاردا ياخشى روھىي ھالەتنىڭ بولۇش-بولماسلىقىغا باغلىق. رەئىس جياڭ زېمىن پۈتۈن پارتىيىدىكىلەردە بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلاردا جۇشقۇن روھىي ھالەت بولۇشى لازىملىقىنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى. بىز خىزمەتتىلا ئەمەس، ئۆگىنىشتىمۇ رەئىس جياڭ زېمىننىڭ بۇ تەلىپىنى ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز لازىم. بۇ جەھەتتە، رەئىس جياڭ زېمىن بىزگە ئۈلگە تىكلەپ بەردى. ئۇنىڭ بىلىمى شۇنچە كەڭ، خىزمىتى شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ، ھېلىمۇ ئاجايىپ ئىجتىھات بىلەن، ھارماي-تالماي ئۆگىنىۋاتىدۇ. بۇ بىز ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى تەربىيە ۋە ھەيدەكچىلىك ھېسابلىنىدۇ. بىز تەسلىكنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆگىنىشكە ئاتلىنىپ، قىيىنچىلىققا پىسەنت قىلماي ئىلگىرىلەپ، ئاز-ئازدىن ئۆگىنىپ، ئاز-ئازدىن ئىگەللەپ، ئۆگىنىشتە يولۇققان ھەر تۈرلۈك قىيىن مەسىلىلەرنى تىرىشىپ ھەل قىلىشىمىز لازىم. توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، مېھماندارچىلىقنى ئازايتىپ، زېھنىمىزنى يىغىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن ئۆگىنىشىمىز لازىم. بەزى يولداشلار ھەمىشە ئۆگىنىشكە ۋاقىت يوق دەپ تۇرۇۋالىدۇ. مېنىڭچە بۇ بىر باھانە. زۆرۈر بولمىغان بېرىش-كېلىش، قارشى ئېلىش-ئۇزىتىشلارنى تۈگىتىۋەتسەك، ئۆگىنىش ۋاقتى ئازلىق قىلمايدۇ. زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش—ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە، بۇنىڭدا چوقۇم چىداملىق بىلەن قەتئىي داۋاملاشتۇرىدىغان روھ بولۇش لازىم، ئىدىيە جەھەتتە قىلچىمۇ سەل قارىماي باشتىن-ئاخىر ئەھمىيەت بېرىش، ئۆگىنىشتە قىلچىمۇ بوشاشماي باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇتۇش كېرەك.

زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنىڭ يېڭىلىنىشى ناھايىتى تېز بولۇۋاتىدۇ، شۇڭا بەزى بىلىملەرنى ئۆگىنىۋال-غان تەقدىردىمۇ قانائەتلەنمەسلىك كېرەك. يېڭى ۋەزىيەت ۋە ئارمىيىنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە تېخىمۇ ياخشى ماسلىشىش ئۈچۈن، دۇنيا پەن-تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە ۋە بىلىملەرنىڭ يېڭىلىنىش قەدىمىگە يېقىندىن ئەگىشىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆزىمىزگە يېڭى ئۆگىنىش نىشانى ۋە ۋەزىپىسىنى قويۇشىمىز لازىم.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركىنجان
مەسئۇل مۇھەررىر: ياسىن مۇھەممەت

# يېزا ئىگىلىكىدە دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرنى توغرا تونۇش كېرەك

چېن ياۋبالى

بۇ يىل پارتىيە 15-قۇرۇلتايى روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان بىرىنچى يىل، شۇنداقلا 9-بەش يىللىق پىلاننى ئىشقا ئاشۇرىدىغان مۇھىم بىر يىل. يېزا ئىگىلىكىدە دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرنى توغرا تونۇش يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادى خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە پۈتكۈل ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە بىۋاسىتە تاقىلىدۇ.

يېزا ئىگىلىكى باشتىن-ئاخىر ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقتا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاساسلىق كەسىپ. يېقىنقى بىرنەچچە يىل مابەينىدە مەركەزنىڭ يېزا سىياسىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى، يۈز مىليونلىغان دېھقانىنىڭ ئاكتىپلىقىنىڭ بىرقەدەر يۇقىرى بولۇشى، ھەرقايسى جايلاردىكى پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىشى ئارقىسىدا، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىدا ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. بۇ يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئاشقانلىقىدا ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، نۇرغۇن جەھەتلەردە سۈپەت ئۆزگىرىشىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ خەلق ئىگىلىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بارغانسېرى قويۇقلىشىپ، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بىر-بىرىنى چەكلەش رولى كۈچەيمەكتە. نۆۋەتتە، بەزى كىشىلەر يېزا ئىگىلىك كۆپەيمە قىممىتىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئىچىدە تۇتقان سالمىقىنىڭ 20 پىرسەنتتىن تۆۋەن چۈشۈپ كېتىشىدەك سان ئۆزگىرىشىنى ئاساس قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساس بولۇش ئورنى تۆۋەنلەپ كەتتى دېگەن ھۆكۈمنى چىقاردى. بۇ خىل تونۇش بىر تەرەپلىمىلىكتۇر. ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھېسابلىشىچە، ھازىر يېزا ئىگىلىكىنىڭ كۆپەيمە قىممىتى بىر پىرسەنت ئاشسا، پۈتۈن جەمئىيەت بويىچە تاۋار پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئىندېكسى 0.46 پىرسەنت تۆۋەنلەيدىكەن؛ يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ كۆپەيمە قىممىتى بىر پىرسەنت ئاشسا، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 0.2 پىرسەنت يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىكەن؛ دېھقانلار-نىڭ كىرىمى بىر پىرسەنت ئاشسا، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 0.51 پىرسەنت ئاشىدىكەن.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يېزا ئىگىلىكى خەلق ئىگىلىكىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرماقتا، يېزا ئىگىلىكى بىلەن يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچىنىڭ ئۆزگىرىشى خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى، يېزا ئىگىلىكى پۇلىنىڭ پاخاللىششىنى توسۇش، خەلق ئىگىلىكىنىڭ "سىلىق تەگىشلىشى"نى ئىشقا ئاشۇرۇش جەھەتتە. مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى. ئوخشاشلا، نۆۋەتتە ئىقتىسادىي ئىسلاھات سالمىقى ئاشۇرۇلۇۋاتقان ۋەزىيەتتە مەركەز يېزا ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم يۈكسىلىشىنى ساقلاشنى، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشنى، شۇ ئارقىلىق خەلق ئىگىلىكىنى 8% ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى بەلگىلىدى. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساس بولۇش ئورنى ئۆزگەرمەيدۇ، يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىشكىلا بولىدۇكى، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

ئىككىنچى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەيدىغان ئامىل جەھەتتە ئىلگىرى ئاساسلىق چەكلىمە بايلىق چەكلىمىسى بولغان بولسا، ئەمدى بايلىق چەكلىمىسى بىلەن بازار چەكلىمىسىدىن ئىبارەت قوش چەكلىمە كېلىپ چىقتى. ئىلگىرى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش مىقدارى يېتەرسىز بولغاچقا، مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىشى قىيىن ئەمەس ئىدى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئاساسەن بايلىق ئامىلىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايتتى. ھازىر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ پەيدىنپەي ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ، بازار مېخانىزمىنىڭ بايلىق تەقسىملەشتىكى ئاساسلىق رولى كۈندىن-كۈنگە زورايماقتا، بازار چەكلىمىسىنىڭ رولى بارغانسېرى گەۋدىلەنمەكتە. نۆۋەتتە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە يېزا-بازار كارخانا مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئاساسەن تەڭپۇڭلاشقان ھالەتتە، بەزىلىرى تەمىنلەش تەلەپتىن ئېشىپ كەتكەن ھالەتتە تۇرۇپ، سېتىۋالغۇچىلار بازىرى شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ ھال بىزدىن مۇشۇ ئۆزگىرىشكە ماسلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن بازارنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، خىزمەت نىشانىنى ئۆز ۋاقتىدا تەڭشەپ، ھەم مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇشنى تۇتۇپ، ئومۇمىي مىقدارنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش، ھەم مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى تۇتۇپ، بازار تەلىپىدىكى ئۆزگىرىشكە ئاساسەن، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، بازارغا لايىق كېلىدىغان يېزا ئىگىلىك-قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنى كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۈكسىلىشى بارغانسېرى زامانىۋى تېخنىكىغا ۋە ماددىي ئامىلنىڭ سېلىنىشىغا تايىنىدىغان بولدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، دۆلىتىمىزدە ئاشلىق قاتارلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ زور ھەجىمدە ئېشىشى ئاساسلىقى پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىدىن بولدى. 1997-يىلى يېزا ئىگىلىكىدە پەن-تېخنىكىنىڭ تۆھپە قوشۇش نىسبىتى 42 پىرسەنتكە يەتكەن بولۇپ، 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن ئاز كەم سەككىز پىرسەنت ئاشقان. خىمىيىۋى ئوغۇت، سۇلياۋ يوپۇق، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى

قاتارلىق زامانىۋى ماددىي ئامىللار سېلىنمىسىنىڭ كۆپىيىشى ۋە سورتلارنىڭ يېڭىلىنىشى، ياخشىلىنىشى، كېڭەيتىلىشمۇ يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۈكسىلىشىدىكى مۇھىم ئامىلدۇر. ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ھېسابلاپ چىقىشىچە، نۆۋەتتە ئاشلىق مەھسۇلاتىنى بەش مىليارد كىلوگرام ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىمىيىۋى ئوغۇتتىن 1 مىليون 500 مىڭ توننا، يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان دىزېلىندىن 130 مىڭ توننا، توكتىن 1 مىليارد كىلوۋات سائەت ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدىكەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە زامانىۋى ماددىي ئامىل سېلىنمىسىنىڭ ئېشىشى يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۈكسىلىشىنى ئالغا سۈرىدىغان ئاساسلىق كۈچ بولۇپ قالدى.

تۆتىنچى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئوبوروتنىڭ مەخسۇسلىشىش دەرىجىسى داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ھەرقايسى جايلاردا كەسپلەشكەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى، تۈرلۈك كەسپىي جەمئىيەت، كەسپىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرى، مۇۋاپىق كۆلەمدە ئىگىلىك باشقۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەخسۇسلىشىش، ئىجتىمائىيلىشىش ۋە بىر گەۋدىلىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنىڭ گەۋدىلىك مىسالىدۇر، بۇ ھەم يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ تەڭشىلىشى، ھەم يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىدۇر. بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ تېز پەيدا بولۇشى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ خىيالىغا كېلىپ باقمىغانىدى. بۇ بىزدىن ئىشلەپچىقىرىشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ قالماي، يەنە داۋاملىق تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئوبوروت قىلىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ئىشلىرىنى ئوبدان تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش يولى بىلەن باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن يېزىلاردىكى ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى كەسپلەرنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ۋە ئۈنۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بەشىنچى، جۇڭگونىڭ يېزا ئىگىلىكى بىلەن دۇنيا يېزا ئىگىلىكىنىڭ باغلىنىشلىقلىقى كۈچەيدى. يېزا ئىگىلىكىدە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ ئىچكى بازىرى بىلەن خەلقئارا بازىرىنىڭ بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش دەرىجىسى ئاشتى. ھېسابلىنىشىچە، يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان، خەلقئارا بازارلاردا بۇغداي، قوناق ۋە گۈرۈچنىڭ باھاسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە خېلى زور دەرىجىدە جۇڭگونىڭ بۇغدايىنى ئىمپورت قىلىشى ۋە قوناق، گۈرۈچنى ئېكسپورت قىلىشى سەۋەبچى بولۇپتىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خەلقئارا بازارمۇ بىزگە بارغانسېرى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتمەكتە. مەسىلەن، بۇ قېتىمقى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى پۇل مۇئامىلە كرىزىسى مەملىكىتىمىز دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى يېزا ئىقتىسادى تەرەققىياتىغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتتى. جۇڭگو يېزا ئىگىلىكى بىلەن دۇنيا يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇپ كېتىش يۈزلىنىشى بىزدىن جۇڭگو يېزا ئىگىلىكىنى دۇنيا يېزا ئىگىلىكىنىڭ چوڭ قۇرۇلمىسى ئىچىگە قويۇپ بىر تۇتاش پىلانلاپ، ئىككى

www.uyghurkitap.com

خىل بايلىق ۋە ئىككى خىل بازاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈپ، ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرىدىغان قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

يېزا ئىگىلىكى بىلەن يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇنۇ يېڭى ئەھۋال، يېڭى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى يېزا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، يېزا ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. مۇشۇ ئالاھىدىلىك ۋە ئۆزگىرىشنى توغرا تونۇپ ۋە توغرا ئىگىلەپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى چىڭ تۇتقاندىلا، ئاندىن 9-بەش يىللىق پىلاننىڭ ۋە كېلەر ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادى تەرەققىيات نىشانىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. نۆۋەتتە، ئاساسلىق، ئىستراتېگىيىلىك خاراكتېرنى ئالغان ئاساسىي سىياسەت، ئاساسىي قۇرۇلۇش، ئاساسىي قوشۇن، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ئىشلىرىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلىشىشىنى ۋە ئالاقىدار خىزمەتلەرنى پۇختا ھالدا ئوبدان تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىش لازىم.

**يېزىلارغا قارىتىلغان ئاساسىي سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنى ۋە يېزا ئىقتىسادىنى مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرىدىغان زور سىياسەت تەدبىرلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىش كېرەك**

تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۈكسىلىشى ياكى كەينىگە چېكىنىشى، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىغا باغلىق، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنىڭ ئۆرلىشى بىلەن تۆۋەنلىشى بولسا پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان سىياستى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، پارتىيىمىز دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغايدىغان ۋە قوغدايدىغان بىر قاتار ئاساسىي سىياسەتلەرنى تۈزدى، بۇ ئاساسىي سىياسەتلەر دېھقانلارنىڭ چوڭقۇر ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ ئاساسىي سىياسەتلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەت مۇقىم تۇرۇشىنى ساقلاش يېزىلارنىڭ مۇقىم تۇرۇشىنىڭ ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسى، كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ جىددىي تەلىپى. مەركەزنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، نۆۋەتتىكى مۇھىم نۇقتا ئۈچ تۈرلۈك ئاساسىي سىياسەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت:

بىرىنچىسى، يېزىلاردىكى يەر ھۆددىگەرلىك سىياستىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش. يەر ھۆددىگەرلىك سىياستى پارتىيىنىڭ يېزا سىياستىنىڭ ئۇلى، دېھقانلار پارتىيە سىياستىنىڭ ئۆزگەرگەن-ئۆزگەرمىگەنلىكىگە قاراشتا، ئاساسەن يەر ھۆددىگەرلىك سىياستىنىڭ ئۆزگەرگەن-ئۆزگەرمىگەنلىكىگە قارايدۇ. 1993-يىلى مەركەز ئەسلىدىكى تېرىلغۇ يەر ھۆددىگەرلىك مۇددىتى توشقاندىن كېيىن يەنە 30 يىل ئۇزارتىش سىياستىنى بەلگىلىگەندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلار يەر ھۆددىگەرلىك مۇددىتىنى ئۇزارتىش خىزمىتىنى ئارقا-ئارقىدىن قانات يايدۇردى، بولۇپمۇ ئۆتكەن يىلى ھەرقايسى جايلار يېزىلاردىكى يەر ھۆددىگەرلىك خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتكەچكە، يەر ھۆددىگەرلىك مۇددىتىنى ئۇزارتىش خىزمىتىدە

ناھايىتى زور تەرەققىيات بولدى. ئەمما بەزى جايلاردا يەر ھۆددىگەرلىك سىياستى تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىدى، ساقلانغان مەسىلىلەر ئاز ئەمەس، بۇنىڭغا ئامما نارازى. بولۇپمۇ بەزى جايلاردا بىرىنچى نۆۋەتلىك يەر ھۆددىگەرلىك مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، ھۆددىگەرلىك مۇددىتىنى ئۇزارتىش خىزمىتى ئۆز ۋاقتىدا قانات يايدۇرۇلمىدى، ھۆددىگەرلىك مۇددىتىنى ئۇزارتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغان كەنتلەردىن ھۆددىگەرلىك مۇددىتى 30 يىلغا ئۇزارتىلغانلىرى كەنت سانىنىڭ يېرىمىنىلا تەشكىل قىلىدۇ، بەش يىلدىن تۆۋەن قىلىپ ئۇزارتىلغانلىرى 15 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ بەزى جايلاردا ئەسلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش دۇيلىرىنىڭ يەرگە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇق چېگرىسى خالىغانچە بۇزۇۋېتىلىپ، پۈتۈن كەنت دائىرىسىدە بىر تۇتاش ھۆددىگەرلىك يولغا قويۇلۇپ، تالاش-تارتىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى؛ بەزى جايلار يەرلەرنى چوڭ تەڭشەيمىز دەپ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كۆپلەپ زاپاس يەرلەرنى قالدۇرۇپ قويۇپ، يۇقىرى باھادا ھۆددىگە بەردى. يېزىلاردىكى يەر ھۆددىگەرلىك سىياستى كىشىلەرنى خاتىرجەم قىلىپ، يېزىلارنى مۇقىملاشتۇرىدىغان چوڭ سىياسەت، ئۇنى چوقۇم ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ھۆددىگەرلىك مۇددىتىنى ئۆز ۋاقتىدا ئۇزارتماسلىق، ھۆددىگەرلىك مۇددىتىنى بەك قىسقا قىلىپ بەلگىلەش مەسىلىسىنى قەتئىي تۈزىتىش كېرەك. "يەرلەرنى ئىككى خىلغا ئايرىش تۈزۈمى" مەسىلىسىگە قارىتا رەتلەش ئېلىپ بېرىش كېرەك، "يەرلەرنى ئىككى خىلغا ئايرىش تۈزۈمى" يولغا قويۇلمىغان جايلاردا يولغا قويماسلىق لازىم، يولغا قويۇلغان جايلاردا مەركەزنىڭ يەر ھۆددىگەرلىك سىياستىگە ئاساسەن ئەستايىدىل تەرتىپكە سېلىش كېرەك. "زاپاس يەرلەر"نى تېرىلغۇ يەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ بەش پىرسەنتى ئىچىدە كونترول قىلىش كېرەك. "نورما ئاشلىق ئېتىزى"، "مەسئۇلىيەت ئېتىزى"، "ئىقتىسادىي زىرائەت ئېتىزى" قاتارلىقلارنىڭ ھۆددىگەرلىك ھەققىنى كەنتنىڭ پىرسەنت ئايرىش پۇلى ۋە يېزىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇش پۇلى ئىچىگە كىرگۈزۈش، ئۇنى دېھقانلارنىڭ ئالدىنقى يىللىق كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمىنىڭ بەش پىرسەنتى ئىچىدە كونترول قىلىش كېرەك. يېزىلاردىكى يەرلەرنى ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ قولدىن قولغا ئۆتۈشىنى ئاكتىپ يېتەكلەش، قېلىپلاشتۇرۇش، ئاممىنىڭ ئىختىيارى بىلەن، شارائىت ھازىرلانغان شەرت ئاستىدا، يەرلەرنى مۇۋاپىق كۆلەمدە باشقۇرۇشقا توغرا يېتەكلەش ۋە پۇختا ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

ئىككىنچىسى، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش سىياستىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن دېھقانلارنىڭ يۈكى مەسىلىسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، بىر قاتار سىياسەت ۋە قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى، بولۇپمۇ 1996-يىلى مەركەز مەخسۇس شۇ مەسىلە ھەققىدە «دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىنى ھەقىقىي ئوبدان ئىشلەش توغرىسىدىكى قارار»نى چىقاردى. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، نۆۋەتتە دېھقانلارنىڭ يۈكىنى ئاشۇرۇۋېتىدىغان ھالەت مەلۇم دەرىجىدە تىزگىنلەندى، دېھقانلار ئۈستىگە ئالىدىغان پىرسەنت ئايرىش، بىر تۇتاش باشقۇرۇش پۇلى بەش پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتمىدى. ئەمما ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. مەسىلەن، بەزى

جايلاردا دېھقانلار كىرىمىنى قاتلامۇقاتلام كۆپتۈرۈپ، كىرىم سەۋىيىسىنى ئاساسسىزلا يۇقىرى قىلىپ كۆرسىتىدىغان، پىرسەنت ئايرىش، بىر تۇتاش باشقۇرۇش پۇلىنى شۇ يول بىلەن كۆپ يىغىۋېلىپ، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى ئاشۇرۇۋېتىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت؛ بەزى جايلاردا ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن كۆپىنچە ئادەم بېشىغا، تېرىلغۇ يەر بېشىغا، بېقىلىۋاتقان ئات-ئۇلاغ بېشىغا يېزا ئىگىلىك ئالاھىدە مەھسۇلات بېجى، چوشقا سويۇش بېجىنى تەڭ چاچىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت، بۇنىڭغا دېھقانلارنىڭ ئىنكاسى ئىنتايىن كۈچلۈك. دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش مەركەز دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش يۈزىسىدىن قوللانغان مۇھىم سىياسەت. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش، ئامما نازارەت قىلىش دېگەن يولنى تۇتۇپ، دېھقانلارنىڭ ئەقلىگە مۇۋاپىق بولمىغان يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىش لازىم. پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ "بىرىنچى قول باشلىقى" باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان رەھبەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جايلارنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش ۋە ئاپپارات ئىسلاھاتى جەريانىدا رەھبەرلىك كۈچىنىڭ ئاجىزلاشماسلىقى، خىزمەت كۈچىنىڭ ئاجىزلاشماسلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ پىرسەنت ئايرىش، بىر تۇتاش باشقۇرۇش پۇلىنى باشقۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە كۈچەيتىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش، كىرىمنى يالغان مەلۇم قىلىشنى چەكلەش كېرەك؛ پىرسەنت ئايرىش، بىر تۇتاش باشقۇرۇش پۇلىنى چەكلەنگەن نىسبەت ۋە مۇتلەق سان ئىككى جەھەتتىن كونترول قىلىشنى يولغا قويۇش، چەكلەنگەن نىسبەت (بەش پىرسەنت) بويىچە باشقۇرۇش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك؛ ئىسلاھات يولى بىلەن دېھقانلارنىڭ يۈكىنى تۈپتىن يېنىكلىتىدىغان تەدبىرلەرنى ئىزدەپ تېپىش كېرەك؛ يېزا باج-خىراجەت ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش بويىچە سىناق قىلىش، ئۈلگە كۆرسىتىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش كېرەك؛ دېھقانلارنىڭ يۈكىگە دائىر قانۇن تۈزۈش قەدىمىنى تېزلىتىپ، دېھقانلارنىڭ يۈكى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىك ۋە باشقۇرۇشنى قانۇنچىلىق يولىغا سېلىش كېرەك.

ئۈچىنچىسى، ئېشىنچا ئاشلىقنى قوغداش باھاسى بويىچە چەك قويماي تولۇق سېتىۋېلىش سىياسىتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش. بۇ يىل مەركەز ئېشىنچا ئاشلىقنى داۋاملىق ھالدا قوغداش باھاسى بويىچە چەك قويماي تولۇق سېتىۋېلىش سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، دېھقانلارنىڭ ئېشىنچا ئاشلىقنى سېتىۋېلىشتىن باش تارتماسلىق، چەك قويماسلىق، توختاتماسلىق، دەرىجىنى تۆۋەنلىتىپ باھانى چۈشۈرۈۋالماسلىق، ئاق تالون كېسىپ بەرمەسلىكنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا زور رول ئوينايدۇ، ئۇنى تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

يېزا ئاساسىي سىياسىتىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، يەنە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنى ۋە يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا دائىر زور تېخنىكا سىياسىتىنى، كەسىپ سىياسىتىنى ۋە رايونلۇق تەرەققىيات سىياسىتىنى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇش، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىك

مەھسۇلاتلىرىنى ئۇبوروت قىلىش، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىر قاتار سىياسەتلەرنى يەنىمۇ تەتقىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش ئۈستىدە ئاكتىپ ئىزدىنىش، بازار سۇبيېكتىنى يېتىشتۈرۈش، بازار سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ۋاستىچى تەشكىلاتلارنى راۋاجلاندۇرۇش، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش، شۇ ئارقىلىق يېزىلاردا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسىنى پەيدىنپەي ئورنىتىش كېرەك.

**يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى ئاجىز بولۇش ئەھۋالىنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىش كېرەك**

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. ئەمما يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى ئاجىز، ئاپەتكە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى تۆۋەن بولۇشتەك مەسىلىلەر تېخى تۈپ ئاساستىن ھەل بولۇپ كەتمىدى. نۆۋەتتە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئېتىزنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىدە سۇ ئىنشائاتى يوق، مەملىكەت بويىچە 80 مىڭدىن ئارتۇق چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ ئامبىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكىدە نۇقسان بار، ئون مىڭ مودىن يۇقىرى كۆلەمدىكى سۇغىرىش رايونى قۇرۇلۇشلىرىدىن كاردىن چىققىنى ۋە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بۇزۇلۇپ قالغىنى 70 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ. بايلىق مەنبەسى ئەھۋالى داۋاملىق ناچارلىشىۋاتىدۇ، مەملىكەت بويىچە سۇ ئېقىتىپ كەتكەن تۇپراق يىلىغا بەش مىليارد توننىغا يېتىدۇ، تۇپراقى ئېقىتىلىپ كەتكەن يەر كۆلىمى دۆلىتىمىز زېمىنىنىڭ 38 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ 1 مىليارد 300 مىليون مو يايلاقتا چۆللىشىش، ناچارلىشىش، شور بېسىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلۈۋاتىدۇ، 100 مىليون مو ئېتىز چۆللىشىشنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراۋاتىدۇ؛ 6 مىليون 700 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بۇلغاندى. بۇ ئەھۋاللار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئالدىمىزغا قويۇلغان بىر تۈرلۈك جىددىي ۋەزىپىدۇر.

يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە تۆت ئاساسىي نۇقتىنى تۇتۇش كېرەك: ئېتىز-ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدا ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە، ھۆلچىلىك ئاپىتىگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش؛ بايلىق مەنبەسى مۇھىتىنى قوغداپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش؛ يېزا ئىگىلىكىنىڭ پەن-تېخنىكا، مائارىپ، تېخنىكا كېڭەيتىش، ئۇچۇر قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇزاق مۇددەت تەرەققىي قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش؛ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ساقلاش، توشۇش، پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىش

مۇئەسسەسلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ بازار خېيىم-خەتىرىگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش. سىستېمىلىق، ھەر تەرەپلىمىلىك بەزى تەدبىرلەر ئارقىلىق مۇشۇ تۆت تەرەپنى بىرلەشتۈرگەندە، ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بەزى جايلار بىزگە ئۈلگە تىكلەپ بەردى، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرى مۇنداق: بىرىنچى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بويىچە كەڭ كۆلەملىك تاۋار بازىسى قۇرۇش. بازا قۇرۇش ئارقىلىق، ئېتىز-ئېرىق ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سۈپەتلىك ئۇرۇقلارنى يېتىشتۈرۈش سىستېمىسى، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش سىستېمىسى ۋە سۈپەت ئۆلچىمى ھەم تەكشۈرۈش سىستېمىسىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش يولى بىلەن مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، يېزا ئىگىلىكىنى مەخسۇسلاشتۇرۇش، تاۋارلاشتۇرۇش، ماشىنىلاشتۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇنى بازىلاشتۇرۇش لازىم. ھازىر مەملىكەت بويىچە تاۋار ئاشلىق بازىسىدىن 833 قۇرۇلۇپ چىقتى، بۇ بازىلارنىڭ 1997-يىلى ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقى 280 مىليون توننا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 56 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ئۇلارنىڭ تەمىنلىگەن تاۋار ئاشلىقى 84 مىليون 760 مىڭ توننا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە تاۋار ئاشلىق مىقدارىنىڭ 65 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ئەلا سۈپەتلىك پاختا بازىسىدىن 241 بولۇپ، 2 مىليون توننا تاۋار پاختا بىلەن تەمىنلىدى، بۇ مەملىكەت بويىچە 62 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ئەلا سۈپەتلىك مايلىق ئۆسۈملۈكلەر بازىسىدىن 42، شېكەرلىك زىرائەتلەر بازىسىدىن 57 بار. بۇ بازىلار دۆلەتنىڭ تاۋار بىلەن تەمىنلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى. ئىككىنچى، يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلىپ، بايلىقتىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش، بىئولوگىيىلىك تەدبىر ۋە قۇرۇلۇش تەدبىرلىرىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق، ئوتتۇرا، تۆۋەن مەھسۇلاتلىق پارچە-پارچە ئېتىزلار يۇقىرى ئۆلچەم بىلەن ئۆزگەرتىلىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. 1988-يىلدىن باشلاپ، 10 يىلدىن بېرى، يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ئوتتۇرا، تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئېتىزلاردىن جەمئىي 200 مىليون مودىن ئارتۇق يەر ئۆزگەرتىلدى، 100 مىليون مودىن ئارتۇق يەرنىڭ تۇپراقى ياخشىلاندى، يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشى يولغا قويۇلغان رايونلاردا تاغ، سۇ، ئېتىز، ئورمان ۋە يول ئۈستىدە ئۇنىۋېرسال تۈزەش ئېلىپ بېرىش ئارقىسىدا، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ياخشىلاندى، تەبىئىي ئاپەتكە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. دۆلەت يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش سالمىقىنى داۋاملىق زورايتىشنى، ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش رايونى قىلىپ بەلگىلەنگەن بىر تۈركۈم رايونلارنى تاللاپ زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى قارار قىلدى. ئۈچىنچى، يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىزنى كەڭ كۆلەمدە بەرپا قىلىش. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، بەزى ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلار "زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى"، "يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكا رايونى"

"بىر تونىنا مەھسۇلاتلىق ئاشلىق ئېتىزى"، "مول ھوسۇللۇق چاسا ئېتىز" قاتارلىقلارنى قۇرۇش ئارقىلىق، زور بىر تۈركۈم يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىزلارنى بەرپا قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىدە يۇقىرى ھوسۇللۇق، مۇقىم مەھسۇلاتلىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. شارائىتى ھازىرلانغان رايونلاردا بۇ خىل شەكىلنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش، ئاكتىپ يۆلەش كېرەك.

سېلىنمىنى كۆپەيتىش يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئاچقۇچى، يېقىنقى بىرنەچچە يىل مابەينىدە، دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىككە سالغان سېلىنمىسى كۆپىيىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن كۆپ يىراقتا تۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا مىللىي كىرىم تەقسىمات قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەڭشەپ، يېزا ئىگىلىككە ئېغىتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يېزا كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىلاتلىرىنى يېزا ئىگىلىككە سېلىنىدىغان سېلىنمىنى ئاشۇرۇشقا داۋاملىق رىغبەتلەندۈرۈش، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ "سانائەتتىن كىرگەن كىرىم ئارقىلىق يېزا ئىگىلىككە ياردەم بېرىش، سانائەت ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش، سانائەت ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكنى ئالغا سۈرۈش" يولىنى داۋاملىق تۇتۇش كېرەك. شۇ ئارقىلىق دېھقانلارنى سېلىنمىنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلەش كېرەك.

**يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشكە ۋە يېزا ئىگىلىكنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا ياخشى ئاساس سېلىش كېرەك**

دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ۋە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش—دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى دەۋردە دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئىككى تۈرلۈك مۇھىم فاڭجېنى بولۇپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادى خىزمىتىدىمۇ بۇ ئىككى فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. يېزا ئىگىلىكنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتە ۋە يېزا ئىگىلىكنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇشتا ئەڭ مۇھىمى بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان پەن-تېخنىكا قوشۇنى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى قوشۇن بولۇشى كېرەك، بۇ يېزا ئىگىلىكنىڭ ئاساسىي قوشۇنى بولۇپ، ئۇنى زور كۈچ بىلەن ئوبدان قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكا قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. دۆلىتىمىز يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى يۇقىرى ئەمەس، بۇنىڭدىكى تۈپ مەسىلە، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، قوشۇن مەسىلىسىدۇر. بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلاملاردىكى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش قوشۇنى مۇقىم بولماسلىق، ئىختىساسلىق خادىملار ئايرىلىپ كېتىش، قېرىلىشىپ كېتىش ئەھۋالى ئېغىر. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك مەكتەپلىرى جەمئى 1 مىليون 700 مىڭدىن

ئارتۇق ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان بولسىمۇ، نۆۋەتتە مۇشۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېرىملا يېزا ئىگىلىك سېپىدە ئىشلەۋاتىدۇ، دېمەك، پەن-تېخنىكا قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىپ يېزا ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىشىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئاچقۇچلۇق ھالقىسى بولۇپ قالدى.

يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش بىر تۈرلۈك جامائەتكە پايدىلىق ئىجتىمائىي ئىش بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىغا موھتاج. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشنى ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپىسى دەپ قارايدىكەن، ئۇنى ئىشلەشكە مەخسۇس قوشۇن، مەخسۇس خىراجەت بولىدىكەن. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى، مەركەز يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئىشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، بىر قاتار سىياسەت تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. نۆۋەتتە مەملىكەت بويىچە ئاساسىي قاتلاملاردىكى كېڭەيتىش ئاپپاراتلىرى بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان "ئۈچنى بېكىتىش" (خاراكتېرنى بېكىتىش، شتاتنى بېكىش، خادىملارنى بېكىتىش) خىزمىتى ئاساسەن تاماملاندى. گەپ شۇنىڭدىكى، ئاساسىي قاتلاملاردىكى كېڭەيتىش ئاپپاراتلىرىنىڭ خاراكتېرى، شتاتى بېكىتىلىپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما خىراجىتى كاپالەتسىز بولۇۋاتىدۇ. قوشۇننى مۇقىملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، تېخنىكىنى كېڭەيتىشنى بىر كەسىپ سۈپىتىدە تۇتۇش، بازار قارىشىنى ۋە مۇلازىمەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مۇلازىمىتىنىڭ ھەرىكەت مېخانىزمى، ئۇسۇلى ۋە يولى ئۈستىدە ئاكتىپ ئىزدىنىش لازىم. نۆۋەتتىكى ئاپپارات ئىسلاھاتىدا ناھىيە-يېزا دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش قوشۇنلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش، ئالدىنقى يىللاردىكى ساۋاقلارنى ئېلىپ، "سەپ ئۈزۈلۈپ قېلىش، تور بۇزۇلۇپ كېتىش، خادىملار تارقىلىپ كېتىش" ئەھۋالىنىڭ قايتىدىن كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسپىي پەن-تېخنىكا قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، يەنە "يېشىل گۈۋاھنامە قۇرۇلۇشى"نى يولغا قويۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، دېھقانلارنى كەسپىي تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيلەش ئىشىنى داۋاملىق ياخشى يولغا قويۇپ، زور بىر تۈركۈم يېزىدا يىلتىز تارتقان پەن-تېخنىكا ئۈلگىلىك ئائىلىسىنى ۋە دېھقان تېخنىكلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، ئۇلارنى پەيدىنپەي يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشتىكى جەڭگىۋار يېڭى كۈچكە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

يېزا ئىگىلىكى بويىچە قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى قوشۇننى بەرپا قىلىپ ۋە ساغلاملاشتۇرۇپ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىزدە يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىغا دائىر ئون نەچچە مەخسۇس قانۇن ئېلان قىلىندى، يېزا ئىگىلىككە دائىر بىرنەچچە يۈز قانۇن-نىزام ۋە مەمۇرىي قائىدە-نىزاملار تۈزۈپ چىقىلدى، مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىكى بويىچە 500 مىڭدىن ئارتۇق كىشىلىك قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ۋە نازارەت قىلغۇچى قوشۇن بارلىققا كەلدى،

بۇلار يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىماقتا. بىراق سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش تەلىپىگە سېلىشتۇرغاندا، يېزا ئىگىلىكىدىكى قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى، بولۇپمۇ قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى قوشۇننىڭ قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، يېزا ئىگىلىكىدە مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىش دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ، چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى كارانتىن قىلىش، ئۇرۇق باشقۇرۇش، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى باشقۇرۇش، بېلىقچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، يېزا-بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ھۆددىگەرلىك توختامىنى باشقۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى نازارەت قىلىش قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ، مەمۇرىي قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش ۋەزىپىسى بارغانسېرى ئېغىرلاشماقتا. مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت. يېزا ئىگىلىكى بويىچە قانۇننى ئىجرا قىلىش سۈپىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قېلىپلاشتۇرۇش لازىم، قانۇن، قائىدە-نىزاملاردا مەمۇرىي تارماقلار ئىجرا قىلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن قانۇننى ئۆز ئىختىيارى بويىچە غەيرىي مەمۇرىي تارماقلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا بېرىشكە ياكى ھاۋالە قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ؛ يېزا ئىگىلىكى بويىچە قانۇننى ئىجرا قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنىۋېرسال قانۇننى ئىجرا قىلىش ئاپپاراتلىرىنى بەرپا قىلىپ، قانۇننى ئىجرا قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم؛ قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك، ئۇلار سىياسىي جەھەتتە لاياقەتلىك، كەسپكە پۇختا، ئىنتىزامى چىڭ بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش تەشكىلاتلىرىنىڭ، يېزا ئىگىلىك ئەمگەكچىلىرىنىڭ ۋە يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكا خادىملىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىنى، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قانۇن بويىچە قوغدىيالايدىغان بولسۇن.

**يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزىلاردىكى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك**

پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان ئاساسىي سىياستىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، ئىلغار يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش، يېزىلاردىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش—مانا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىدىن ئىبارەت بۇ ھالقىدىن ئايرىلالمايدۇ، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، باش شۇجى جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان "ئۈچ بولۇش" تەلىپى بويىچە، "ئىش باشقۇرىدىغان ئادەم بولۇش، ئىش بېجىرىدىغان پۇل بولۇش، ئىشتا ئەمەل قىلىنىدىغان قائىدە بولۇش"نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. يېزا كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش، يېزا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن، كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ ئۈنۈملۈك رېئاللىشىش شەكلى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇستىدە ئاكتىپ ئىزدىنىپ، ئۇنىڭ بولۇشقا تېگىشلىك ھەمكارلىق ئىگىلىكى خۇسۇسىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، كەڭ دېھقانلارنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قاتنىشىشى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىگە ھەققىي ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇش كېرەك؛ كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىپ، بىر تۇتاش باشقۇرۇلىدىغان ئىگىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، ئۇنى دېھقانلارنىڭ تاۋار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىش، دېھقانلارنىڭ بازارغا كىرىشىگە تەشكىلاتچىلىق قىلىش جەھەتلەردە تېخىمۇ زور رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك؛ كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى باشقا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزئارا يۈرۈشلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم.

دېھقانلارنىڭ تۈرلۈك شەكىلدىكى كەسپىي ھەمكارلىق ئىگىلىكى تەشكىلاتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئىلھام بېرىش لازىم. نۆۋەتتە، دېھقانلارنىڭ ئۆز ئالدىغا قۇرغان تۈرلۈك كەسپىي كوپېراتىپ، كەسپىي جەمئىيەت شۇنىڭدەك باشقا شەكىلدىكى ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز. بۇ تۈردىكى تەشكىلاتلار بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ، مىليونلىغان دېھقان ئائىلىسىنى بىر پۈتۈن بازار بىلەن باغلاپ، خېلى كۈچلۈك ھاياتىي كۈچىنى ۋە تەرەققىيات مەنزىرىسىنى نامايان قىلدى، ئۇنى زور كۈچ بىلەن قوللاش ۋە توغرا يېتەكلەش، شۇنداقلا ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئوبدان شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك.

كەنت ئىشلىرىنى ئوچۇق تۇتۇش ۋە دېموكراتىك ئاساستا باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. كەنت دەرىجىلىك دېموكراتىك سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىدىيە ۋە ئىستىلى ياخشى، ئادىل ئىش بېجىرىدىغان، ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا يېتەكلىيەلەيدىغان كىشىلەرنى سايلاپ رەھبەرلىك بەنزىسىگە كىرگۈزۈش؛ كەنت ئاھالىسىنىڭ كېڭىشىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، كەنتلەردىكى ئاممىنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان چوڭ ئىشلار كەنت ئاھالىسى يىغىنى ياكى كەنت ئاھالىسى ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ قارار قىلىنىشى، ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ دېگىنى بويىچە بەلگىلەنمەسلىكى كېرەك؛ كەنت ئىشلىرىنى ئوچۇق تۇتۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مالىيە كىرىم-چىقىمى، پىلانلىق تۇغۇت، ئۆي سېلىشقا كېرەكلىك يەرنى تەستىقلاش، دېھقانلار يۈكى، سۇ، توك خىراجىتىنى يىغىش، كوللېكتىپ ئىگىلىك تۈرلىرىنى ھۆددىگە بېرىش ۋە ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان باشقا ئىشلارنى قەرەللىك ھالدا كەنت ئاھالىسىگە مەلۇم قىلىپ، دېھقانلارنى خاتىرجەم، رازى قىلىش كېرەك.

يېزىلاردىكى پارتىيە ياچېيكا قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. يېزىلاردىكى كەڭ

ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى يېزا ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىدا مۇھىم تۆھپە قوشتى، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى ۋە ئىجادكارلىقىنى قوغداشقا دىققەت قىلىش كېرەك. بىراق، نۆۋەتتە بىر قىسىم ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىدا ساپاسى تۆۋەن بولۇش، ئىستىلى ئاددىي بولۇش، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش، دېھقانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئېڭى ناچار بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ھەقىقەتمۇ بار، بۇلارغا قارىتىلغان تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك، بۇ—پارتىيىنىڭ يېزا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتىكى جىددىي ۋەزىپە. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى، يېزا سىياسىتىنى، بازار ئىگىلىكىگە دائىر بىلىملەرنى ۋە يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، كەڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ سىياسەت ۋە نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، دېموكراتىك ئېڭىنى ۋە قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈچەيتىش، دېھقانلارنى بېيىپ، ھاللىق سەۋىيىگە قاراپ ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەش ماھارىتىنى ئاشۇرۇش لازىم.

**(ئاپتور: يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: رىسالەت ئابلا**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

www.uyghurkitap.com

# تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئىشنى ياخشى تۇتايلى

ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

يېقىندا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى ھەققىدە يىغىن چاقىردى. بۇ قېتىمقى يىغىندا نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي خىزمەت ئومۇمىيىتىدىكى ھالقىلىق مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، بۇ خىزمەتنى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئىش قاتارىدا چىڭ تۇتۇشى، ياخشى تۇتۇشى تەلەپ قىلىندى.

دۆلەت كارخانىلىرى — خەلق ئىگىلىكىنىڭ تۈۋرۈكى، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بىر قىسىم دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ، دۆلەت ئىگىلىكىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش، زورايتىش 15-قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەسىر ھالقىيدىغان نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ھالقىسى. دۆلەت كارخانىلىرىنى جانلاندۇرۇش، ياخشىلاشتا، ئادەمنى قىسقارتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش، بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش يولىنى تۇتۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش، شۇ ئارقىلىق دۆلەت كارخانىلىرىنى بازار رىقابىتىگە باراۋەر ھالدا قاتنىشىپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ھەقىقىي تۈردە بازار سۇبيېكتىغا ئايلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. بۇ، دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشىلاش، جانلاندۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى، خەلق ئىگىلىكىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشتا قىلماي بولمايدىغان ئىش بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئىتىگە ۋە تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق بەرپا قىلىنىش-قىلىنالماسلىقىغا، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىغا ۋە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە بېرىپ تاقىلىدۇ، شۇڭا بۇ، چوڭ ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپلا قالماي، بەلكى چوڭ سىياسىي مەسىلە؛

رېئال، تەخىرسىز مەسىلە بولۇپلا قالماي، بەلكى يىراق كەلگۈسى ئىستراتېگىيىلىك مەسىلىدۇر. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار مەسىلىنى مۇشۇنداق ئىستراتېگىيىلىك ئۈستۈنلۈكتە تۇرۇپ تونۇغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي ھالدا ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، بۇ بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىشنى ئاڭلىق ھالدا ياخشى تۇتالايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپىيىشى ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ نۇقسانلىرىدىن كېلىپ چىققان، شۇنداقلا ئۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش جەريانىدا مۇقەررەر ھالدا كېلىپ چىقىدىغان مەسىلە. پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى ئاستىدا، مەملىكىتىمىزدە ئۇزاققىچە ”تۆۋەن ئىش ھەققى بېرىش، يۇقىرى نىسبەتتە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش“ سىياسىتى ۋە دۆلەت پۈتۈنلەي ھۆددىگە ئېلىپ، بىر تۇتاش تەقسىم قىلىدىغان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ كەلگەچكە، ئۈچ ئادەمنىڭ ئىشىنى بەش ئادەم قىلىش، ئۈچ ئادەمنىڭ تامىقىنى بەش ئادەم يېيىش، كارخانىنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش، ئىشنى بىر-بىرىگە ئىتتىرىش، ئىشتىن ئادەم كۆپ بولۇشتەك ئەھۋاللار كېلىپ چىقىپ، نۇرغۇنلىغان خىزمەتتىكى ”ئىشسىز“ خادىملار بارلىققا كەلگەنىدى. ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەپ، ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى زۆرۈر بولۇپ قالدى، بۇنىڭ ئارقىسىدا دۆلەت كارخانىلىرىدا كۆپ مىقداردا ئارتۇقچە خادىملار ساقلىنىپ تۇرۇش مەسىلىسى مۇقەررەر ھالدا ئاشكارىلىنىپ چىقتى. دۆلەت كارخانىلىرىدا ئوشۇقچە ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ زىيادە كۆپ بولۇشى زامانىۋىلاشقان ئىشلەپچىقىرىشقا شۇنداقلا بازار ئىگىلىكىگە ماس كەلمەيدىغان زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر كېلىپ چىققىلى خېلى ئۇزۇن بولدى، ئىسلاھات پەقەتلا مۇشۇ مەسىلە ۋە زىددىيەتنى تولۇق ئايان قىلدى، خالاس. بۇنىڭغا نىسبەتەن بىزدە توغرا تونۇش بولۇشى، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئورنىدىن قېلىشىنى ئىسلاھاتتىن كۆرمەسلىكىمىز لازىم. كۆپ يىللاردىن بۇيان، بەزى جايلار ۋە تارماقلار ئۆز جايى ۋە ئۆز تارمىقىنىڭ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلماي، ماكرو ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ ئەھۋالى ۋە بازاردىكى تەمىنلەش-تەلەپ ئەھۋالى بىلەن ھېسابلاشماي، قارىغۇلارچە قۇرۇلۇش قىلىپ ۋە تەكرار قۇرۇلۇش قىلىپ، ئاز يولمىغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى قوبۇل قىلدى، نۇرغۇنلىغان تۈرلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن كۈنى زىيان تارتقان ۋاقتى بولدى، كۆپ مىقداردا مەبلەغ سېلىنغان بولسىمۇ، ئەمگەكچىلەرنى ئۈنۈملۈك ھالدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرالمىدى، بۇ كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىش ئورنىدىن قېلىپ خىزمەت كۆتۈشكە مەجبۇر بولدى؛ بەزى كارخانىلار مۈلۈك ھوقۇقى ئوچۇق بولمىغانلىقى، مەسئۇلىيەت-ھوقۇق ئېنىق بولمىغانلىقى، كارخانا تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش يولىنى تۇتمىغانلىقى، ”كۈتۈش، تايىنىش، تەلەپ قىلىش“ ئىدىيىسى ئېغىر بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، كەسكىن بازار رىقابىتىدە مەھسۇلاتىنىڭ بازىرى بولماسلىق، كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچى يېتەرلىك بولماسلىق، زىيان تارتىش

ھالىتىدىن زادى قۇتۇلالماسلىقتەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى؛ يەنە بەزى دۆلەت كارخانىلىرىدا ئادەم ئىشلىتىش مۇۋاپىق بولماسلىق، باشقۇرۇش قالايمىقان بولۇش، ئىش ھەققى پايدىنى خورىتىۋېتىش، باشقۇرۇش تەننەرخى تۈز سىزىق بويىچە ئۆرلەپ كېتىش، سېتىش خىراجىتى يىلدىن-يىلغا كۆپىيىش، كارخانىنىڭ بايلىقى ھەر كۈنى ئېقىپ كېتىش نەتىجىسىدە، كارخانا ۋەيران بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش توختاپ قېلىش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى. بۇ كارخانىلارنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ئىش ئورنىدىن قېلىپ خىزمەت كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى. خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچقا كىرىشى، خەلقنىڭ ئېھتىياج قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشكە ئەگىشىپ، بەزى كەسىپلەرگە بولغان ئىجتىمائىي تەلەپنىڭ ئېشىشى ئاستىلىدى، ھەتتا ئازلاپ كەتتى، پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى يېڭىلىق يارىتىش سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كەتتى، بىر قىسىم ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بىكار تۇرۇپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىپ، خىزمەت ئورنىدىن قېلىشى مۇقەررەر ئىش بولدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا، پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى كاپىتالنىڭ ئورگانىك قۇرۇلمىسىنى ئۆستۈرىدۇ، تەڭ مىقداردىكى كاپىتال ياراتقان ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى ئازىيىدۇ. قىسقىسى، ئېلىمىز ئىقتىسادىنىڭ يېڭى ئۆسۈش باسقۇچىغا كىرىشىگە ئەگىشىپ، بازار مېخانىزمى ئىقتىسادىي ھەرىكەتنى تەڭشەشتە بارغانسېرى چوڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتىدۇ. پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان زىددىيەتلەر، ئىقتىساد تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن باسقۇچقا يەتكەندە مۇقەررەر ھالدا كېلىپ چىقىدىغان قۇرۇلما خاراكتېرلىك زىددىيەتلەر، ئىلگىرى ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە ئىش قىلمىغانلىقىمىزدىن پەيدا بولغان بەزى ئىقتىسادىي مەسىلىلەر، بولۇپمۇ دۆلەت كارخانىلىرىدا ئوشۇقچە خادىملار زىيادە كۆپ بولۇش مەسىلىسى ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى. نۆۋەتتە بۇ مەسىلىلەر ھەل قىلىنمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى بىر قىسىم ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئورنىدىن قېلىپ خىزمەت كۈتۈپ تۇرۇشىدىن ساقلىنىش تەسكە چۈشىدۇ، بۇ، ئېلىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان باسقۇچتۇر. نۆۋەتتە دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپىيىشىنى ئىسلاھات كەلتۈرۈپ چىقارغان بولماستىن، ئاساسلىقى بۇرۇنقى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ نۇقسانلىرى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانىدىكى قۇرۇلمىنىڭ تەڭشىلىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئىسلاھات دېگەنلىك كونىنىڭ ئورنىغا يېڭىنى دەسسىتىش دېگەنلىكتۇر، پەقەت ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىقلا دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئورنىدىن قېلىش مەسىلىسىنى پەيدىنپەي ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ.

مەملىكىتىمىزدە ھازىر ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى تېخى مۇكەممەل ئەمەس، ئىجتىمائىي كاپالەت سەۋىيىسى تۆۋەن، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش بىر گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش نۆۋەتتىكى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن

زور تۆھپىلەر قوشقان، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشى ئۈچۈن جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرگەن. بۈگۈنكى كۈندە، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ئۈچۈن يەنە بەدەل تۆلىدى، پىداكارلىق كۆرسەتتى، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنى ھەقىقىي قوغدىشىمىز لازىم. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى-خىزمەتچىلەر كارخانىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان، ئۇلارنى قېرىغان بىلەن جان باقالايدىغان، ئاخىرقى يىللىرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزەلەيدىغان قىلىشىمىز كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە كەسپچانلىق بىلەن دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. بيۇروكراتلىق ئىستىلىغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ۋاقتىدا ئىگىلەش ۋە ھەل قىلىش، ئىدىيە جەھەتتىكى مەسىلىلىرىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىش لازىم. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قېلىپ خىزمەت كۈتۈۋاتقان خادىملارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتىگە چوقۇم بارلىق چارە-ئاماللار بىلەن كاپالەتلىك قىلىش لازىم، بۇنىڭغا كېتىدىغان پۇل كاپالەتكە ئىگە بولۇشى، ئۇنى ھۆكۈمەت، كارخانا، جەمئىيەت ئورتاق ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتىنى ئىش ئورنىدىن قالغان ھەر بىر ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ قولىغا بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، كېچىكتۈرۈشكە، ئىشلىتىۋېلىشقا، تۇتۇپ قېلىشقا يول قويۇلمايدۇ. كۈتۈنۈش تۈزۈمىنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، كۈتۈنۈش پۇلىنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك؛ كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى فوندىنى ئۆلكە بويىچە بىر تۇتاش غەملەشنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىپ، كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى فوندىنى تەڭشەش مېخانىزمىنى تېزلىكتە بەرپا قىلىپ، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مەبلەغ بىلەن كاپالەت بېرىش كېرەك.

دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش لازىم. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئېڭىنى ئۆزگەرتىشى، ئۆزىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتىكى ئاساسىي ھالقىدۇر. بىرىنچىدىن، پەقەت ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى بولۇپمۇ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارغا ئىشقا ئورۇنلاشقان ئادەملا ئېتىبارلىق ئادەم بولىدۇ دەپ قاراپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان كۆزقاراشنى ئۆزگەرتىش كېرەك. ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ يۈزلىنىشىدىن قارىغاندا، مەملىكىتىمىزنىڭ دۆلەت ئىگىلىكى ئومۇمىي مىقدار جەھەتتىن يەنە داۋاملىق تەرەققىي قىلىدىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىسپىي ھالدا ئازىيىدۇ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭكىدىن باشقا ئىگىلىك ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى بىر مۇھىم يول بولۇپ قالىدۇ. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭكىدىن باشقا ئىگىلىك — سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، باراۋەر بولغان بازار سۇبيېكتى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم كۈچ، بۇ ئورۇنلارغا ئىشقا ئورۇنلاشقانلار ئوخشاشلا ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ تاپاۋەتكە ئېرىشىدۇ، ئۆزىنىڭ ئورنى بۇنىڭ بىلەن تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ. ئىككىنچىدىن، ئەنئەنىۋى سودا، مۇلازىمەت كەسىپلىرىدە ئىشلەش كۆتكۈچىلىك خىزمىتىنى، پەس خىزمەتنى ئىشلىگەنلىك دەيدىغان كۆزقاراشنى ئۆزگەرتىپ، ئۈچىنچى كەسىپتىن ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنى پائال ئىزدەش كېرەك. مەملىكىتىمىزدە ئۈچىنچى كەسىپكە ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ سالمىقى ئۈچتىن بىر قىسمىغىمۇ يەتمەيدۇ، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۈچۈن ناھايىتى كەڭ زېمىن بار، ئۈچىنچى كەسىپكە ئىشقا ئورۇنلاشقانلار ئوخشاشلا خەلقنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشىدۇ، ئوخشىمىغان كەسىپلەردە ئىشلىگەنلەر ئېتىبارسىز ئادەم، ئېتىبارلىق ئادەم دەپ ئايرىلمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئىلگىرىكىدەك ئىشقا ئورۇنلىشىشتا ئاساسلىقى دۆلەتكە تايىنىدىغان ئەنئەنىۋى كۆزقاراشنى ئۆزگەرتىپ، ئۆز ئالدىغا كەسىپ تاللاش، بازار رىقابىتىدە ئىشقا ئورۇنلىشىش يېڭى كۆزقارىشىنى تۇرغۇزۇش لازىم. ئەمگەكچىلەر ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئادەم ئىشلىتىدىغان ئورۇنلارمۇ ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك. بەزى كارخانىلار ئىش ئورنىدىن قېلىپ قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئەرزان ئەمگەك كۈچى قاتارىدا ئىشلىتىپ، ئۇلارغا بىر كۆزدە قارىمايدۇ، بۇنداق قىلىش خاتا، بۇنى قەتئىي تۈزىتىش لازىم.

ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ چوڭ مەسئۇلىيىتى بار، چوقۇم ھەقىقىي ئاقىدىغان چارە-تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. بىرىنچىدىن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش يولى بىلەن قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان ئىشقا ئورۇنلىشىش مېخانىزمىنى پەيدىنپەي ئورنىتىش، يەنى ئەمگەك كۈچى بازىرىنى قۇرۇپ ۋە ئۇنى ساغلاملاشتۇرۇپ، بازار مېخانىزمىنىڭ ئەمگەك كۈچلىرى بايلىقىنى تەقسىملەشتىكى ئاساسلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەمگەكچىلەر بىلەن ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئەمگەك كۈچى بازىرىدا بىر-بىرىنى تاللاپ، ئۆز كۆڭلىگە ياققىنىنى تېپىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش لازىم. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئورنىدىن يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزى خىزمەت تېپىشى ياكى ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا قارىتا، دۆلەت مەلىيە، باج، پۇل مۇئامىلىسى، سودا-سانائەتنى باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بەلگىلەپ، مەدەت

بېرىشى لازىم. ئىككىنچىدىن، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش، بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشىنى ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش سالمىقىنى ياخشى ئىگىلەش لازىم. ئادەمنى قىسقارتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش، بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى جەمئىيەتنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارى بىلەن ماسلاشتۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئىشسىزلىق نىسبىتىنى كونترول قىلىش ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ساقلاپ قېلىش ئىش ئورنىنى كۆپەيتىشنىڭ تۈپ يولى. تەدبىر قوللىنىپ، ئۈچىنچى كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئۈچىنچى كەسىپنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق قېزىش، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ راۋاجلىنىشىنى قوللاپ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم؛ يېزا بازارلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېچىپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش، يېزىلارنىڭ ۋە دېھقانلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىشنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى قوللاش ئارقىلىق، ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنى كۆپەيتىش كېرەك؛ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك؛ خەلقئارا ئەمگەك كۈچى بازىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېچىپ، ئەمگەك مۇلازىمىتى ئېكسپورتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەر بىلەن ئىقتىسادنىڭ مۇۋاپىق سۈرئەتتە ئېشىشىنى ساقلاپ، ئىقتىسادنى %8 ئاشۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىش ئورنىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، ئىجتىمائىي كاپالەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. بىرلىككە كەلگەن، قېلىپلاشقان ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش لازىم. ئانچە ئۇزاق بولمىغان ۋاقىت ئىچىدە ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى دۆلەت كارخانىلىرى، كوللېكتىپ كارخانىلار، ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىلىرى، خۇسۇسىي كارخانىلار قاتارلىق ھەرقايسى ئورۇنلارغىچە كېڭەيتىشكە تىرىشىش كېرەك. كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى فوندىنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق، كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى پەيدىنپەي بەرپا قىلىش؛ ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى فوندىنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى پەيدىنپەي بەرپە قىلىش؛ قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىجتىمائىي مۇلازىمەت مەركىزىنى قۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ھەمدە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمىنى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. مۇشۇ تۆت قاتلامدىكى تۈزۈمنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشى، ئۆزئارا تەڭشىشى، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە جەمئىيەت ئۈچ تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، كۆپ قاتلاملىق،

جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى پەيدىنپەي بەرپا قىلىش كېرەك، تۆتىنچىدىن، قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشقا دائىر تەربىيە مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش كېرەك. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش، بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈستىدە زۆرۈر تەرتىپ تۇرغۇزۇش، زۆرۈر تۈزۈم بەرپا قىلىش لازىم. كارخانا قاتلىمىدىن ئالغاندا، كارخانا ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرغاندا، چوقۇم ئۇلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشى، ئۇلارنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ماڭغۇزۇۋېتىپلا بولدى قىلماسلىقى كېرەك. ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر بار كارخانىلار قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى تەشكىللەپ ئىشقا ئورۇنلىشىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشى، ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. ھەممە كەسىپلەردە قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى پەيدىنپەي بەرپا قىلىش لازىم. كەسىپ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئىچكى قىسىمدىكى يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئارتۇق خادىملارنى كۆپ يوللار بىلەن ئىش ئورنىدىن يۆتكەپ بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشقا دائىر تەربىيە تورىنى قەدەممۇقەدەم مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەسپىي ماھارەت تەربىيىسىنى بىر تۈرلۈك ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپە قاتارىدا تۇتۇش لازىم. پۈتۈن جەمئىيەت ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، جەمئىيەتنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈش لازىم.

بىر مەزگىلدىن بۇيان، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر مەسىلىسى بىرقەدەر گەۋدىلىك بولدى، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا مەلۇم قىيىنچىلىقلارمۇ بار، لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئورنىدىن قېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا نۇرغۇن پايدىلىق شارائىتلار ھازىرلاندى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ۋە قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىگە يۈكسەك ئېتىبار بەردى، ھەمدە ھەقىقىي ئاقىدىغان ھەل قىلىش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى؛ مەملىكىتىمىزنىڭ ماكرو ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى بىرقەدەر پايدىلىق بولۇۋاتىدۇ، ئىقتىسادتا پۇلنىڭ پاخاللىشىش نىسبىتى تۆۋەن، ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىش نىسبىتى يۇقىرى بولۇش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىرقەدەر پۇختا ماددىي ئاساس يارىتىلدى؛ ھەرقايسى جايلارنىڭ نەچچە يىللىق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، ئاز بولمىغان ياخشى، ھەقىقىي ئاقىدىغان تەجرىبىلەر توپلاندى، بولۇپمۇ شاڭخەي قاتارلىق جايلارنىڭ قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇش، قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مېخانىزمى ۋە مۇلازىمەت سىستېمىسىنى ساغلاملاشتۇ-

رۇش قاتارلىق تەدبىرلىرى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ئۈلگىلىك رول ئوينىدى. بىز ھازىر يولۇقۇۋاتقان مەسىلىلەر ئىلگىرىلەش يولىدىكى مەسىلىلەر، تەرەققىيات جەريانىدىكى مەسىلىلەر، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىدىكى ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلاردۇر. بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە تىرىشىپ ئىشلەيدىغانلا بولساق، چوقۇم قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلالايمىز.

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئادالەت مۇھەممەت**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى كۆرسەتكەن يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەيلى

دەي جۇ

بۇ يىل ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى. بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى جۇڭگو زېمىنىدا يۈز بەرگەن بۇ چوڭ مۇھاكىمە بىر قېتىملىق ئۇلۇغ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ھەرىكىتى. بۇ قېتىملىق ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ھەرىكىتى ”ئىككى ئومۇمەن“نىڭ ئاسارىتىنى غايەت زور كۈچ بىلەن بۇزۇپ تاشلاپ، جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى، ئۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى باھارىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى قارشى ئېلىشتىكى تۇنجى گۈلدۇرماما سادىسى بولۇپ، ئۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىكى بىزنىڭ دۆلىتىمىز ۋە خەلقىمىزدە دەۋر بۆلگۈچ خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ مۇھاكىمىدە ئۈمىدكە تولغان ئۇلۇغ مىللىتىمىز ۋە سوتسىيالىستىك ئىشلىرىمىزنىڭ قەد كۆتۈرۈشىدىكى بۈيۈك تارىخىي بىر سەھىپە بولۇپ قالىدۇ. بۇ يىل ئۆتكەن يىلدىكى ھەقىقەت ئۆلچىمىنى مۇھاكىمە قىلىش ھەرىكىتىنى ئەسلەپ، ئۇنى قايتا تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ روھىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ئۈچۈن تىرىشىش، جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تارىخ سەھىپىسىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالغۇسى.

## ئۇلۇغ بۇرۇلۇشنىڭ ئىدىيىۋى باشلامچىسى

لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي مەسىلىنى تەھلىل قىلىشتا، ماركسىزملىق نەزەرىيىنىڭ مۇتلەق تەلىپى مەسىلىنى مەلۇم تارىخىي دائىرە ئىچىگە قويۇشتىن ئىبارەت. 1978-يىلى 5-ئايدا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدا مۇھاكىمە قانات يايدۇرۇلغانلىقىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىچكى، چوڭقۇر ئىجتىمائىي سەۋەبى بار ئىدى. 1976-يىلى 10-ئايدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ”تۆت كىشىلىك گۇرۇھ“نى بىر يولىلا تارمار قىلىپ، ئون يىل داۋاملاشقان ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىقنى ئاياغلاشتۇرغانلىقتىن، جۇڭگو جەمئىيىتىدە يېڭى بۇرۇلۇش پەيدا بولدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئەينى چاغدىكى مەركەزنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى تارىخنىڭ تەرەققىيات ئېقىمىغا ئەگەشمەي، يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە داۋاملىق ھالدا ”سول“چىللىق خاتالىقىدا چىڭ تۇرۇپ، ”ئىككى ئومۇمەن“ دېگەن فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويغانلىقتىن، ئەمدىلا بارلىققا كەلگەن يېڭى بۇرۇلۇشنى يەنە تومان بېسىپ، پارتىيىنىڭ خىزمىتىدە ئارسالدى بولۇپ بىر ئىزدا توختاپ قالىدىغان ۋەزىيەت پەيدا بولدى، جۇڭگو قايسى تەرەپكە ماڭىدۇ؟ ”مەدەنىيەت

زور ئىنقىلابى“نىڭ خاتالىقلىرىنى ئۈزۈل-كېسىل تۈزىتەمدۇ ياكى ”سول“چىل خاتالىقتا داۋاملىق چىڭ تۇرامدۇ؟ بۇ مەسىلە ”ئىككى ئومۇمەن“نىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، كۈندىن-كۈنگە پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى كىشىلەر دىققەت قىلىدىغان نۇقتىغا ئايلىنىپ قالدى. مۇشۇنداق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشتە، نەزەرىيىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن كىشىلەر گۇمانسىرىۋاتقان مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش ئىنتايىن جىددىي بولۇپ قالغانىدى.

تارىخنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىدىن قارىغاندا، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگو جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ مۇھاكىمىنىڭ مەملىكەت بويىچە ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلالىشى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇشۇنداق مۇقەررەر يۈزلىنىشنى ئىگەللىۋالغانلىقىدىن بولدى. ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“نىڭ خاتالىقلىرىنى ئۈزۈل-كېسىل تۈزىتىش ئۈچۈن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزمغا خاس ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان سىياسىي جاسارىتى ۋە نەزەرىيىۋى جاسارىتىنى نامايان قىلىپ، بايرىقى روشەن ھالدا ”ئىككى ئومۇمەن“گە قارشى چىقتى. 1977-يىل 4-ئاينىڭ 10-كۈنى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەركەزگە خەت يېزىپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى سىستېمىسىنى توغرا، مۇكەممەل ئىگەللەشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىلى 5-ئايدا، ئۇ ئىنتايىن ئېنىق سۆز بىلەن ”ئىككى ئومۇمەن“نىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. 7-ئايدا چاقىرىلغان 10-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى سىستېمىسى ئارقىلىق پارتىيىمىزنى تەربىيىلەش، بىزنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەشنى تەكىتلىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ نۇقتىئىنەزەرلىرى ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلاپ بەردى. ھەممىگە مەلۇمكى، 1978-يىلى 5-ئاينىڭ 10-كۈنى، يولداش خۇ ياۋباڭنىڭ كۆرۈپ چىقىپ تەستىقلىشى بىلەن، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئىچكى ژۇرنىلى «نەزەرىيە خەۋەرلىرى»دە «ئەمەلىيەت—ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى» دېگەن ماقالە ئېلان قىلىندى. ئەتىسى، بۇ ماقالە «نۇر گېزىتى»دە ”گېزىتىمىزنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئوبزورچىسى“ نامى بىلەن ئاشكارا ئېلان قىلىندى. ئەينى چاغدىكى تارىخىي شارائىتتا، بۇ ماقالىنىڭ ئاشكارا ئېلان قىلىنىشى ئىنتايىن مۇھىم سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. شۇڭلاشقا، بۇ ماقالە خۇددى گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندەك، ئىدىيە-نەزەرىيە ساھەسىدە غايەت زور ئىنكاس پەيدا قىلدى، ”ئىككى ئومۇمەن“نى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرغان ئايرىم رەھبەر بۇ ماقالىنى سىياسىي جەھەتتە خاتا، بايراقنى تاشلىۋەتكەنلىك، دەپ ئەيىبلىدى.

مۇشۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيتتە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسىغا خاس جاسارىتى بىلەن، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى بۇ مۇھاكىمىگە رەھبەرلىك قىلدى ۋە مەدەت بەردى. ئۇ كۆپ قېتىم ئوچۇق نۇتۇق ئېلان قىلىپ، ”ئىككى ئومۇمەن“گە قارشى تۇردى. 1978-يىلى 6-ئاينىڭ 2-كۈنى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پۈتۈن ئارمىيىنىڭ سىياسىي خىزمەت يىغىنىدا مۇنداق دېدى: ”بىزنىڭ قىلغان-ئېيتقانلىرىمىز بىلەن مەسىلىنىڭ ھەل بولۇش-بولماسلىقى، توغرا ھەل بولۇش-بولماسلىقى بىزنىڭ نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش-بىرلەشتۈرەلمەسلىكىمىزگە، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ،

www.uyghurkitap.com

ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشقا، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشقا ماھىر بولۇش-بولالماسلىقىمىزغا باغلىق. مۇشۇنداق قىلساق، ئاندىن مەسىلىنى توغرا ياكى بىرقەدەر توغرا ھەل قىلالايمىز، مەسىلىنى مۇشۇنداق ھەل قىلىشنىڭ توغرا ياكى تامامەن توغرا بولغان-بولمىغانلىقىنى كېيىنكى ئەمەلىيەت داۋامىدا سىناشقا توغرا كېلىدۇ.» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 243—244-بەتلەر) 1978-يىلى 9-ئاينىڭ 16-كۈنى، «ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرايلى» دېگەن نۇتقىدا، ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى قانداق ئېگىز كۆتۈرۈش مەسىلىسى چوڭ مەسىلە. ھازىر پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدا، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا نۇرغۇن كىشىلەر ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشنى قۇۋۋەتلەۋاتىدۇ. ئېگىز كۆتۈرۈش دېگەن نېمە؟ قانداق ئېگىز كۆتۈرۈش كېرەك؟ ھەممىگە مەلۇم، ”ئىككى ئومۇمەن“ دەپ ئاتالغان، ناھايىتى داۋرىڭى چىقىپ كەتكەن گەپ بار ئەمەسمىدى؟ بۇ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرگەنلىكمۇ؟ ياق! ئۇنداق قىلسا ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە نۇقسان يېتىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ مۇھىم نۇتۇق ۋە سۆزلىرى ”ئىككى ئومۇمەن“دە چىڭ تۇرغۇچىلاردىن كەلگەن ئەيىبلەشلەرگە قاتتىق رەددىيە بېرىپ، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىنىڭ مەملىكەت بويىچە قانات يېيىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى، بۇنىڭ بىلەن ئېلىمىز تارىخىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىدىيىدە ئازاد بولۇشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.

ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى، بۇ—ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ماۋ زېدۇڭ قاتارلىق ”ئەجدادلار“ ئاللىبۇرۇن ھەل قىلىپ بولغان مەسىلە. بىراق، نېمە ئۈچۈن ماركسىزملىق كلاسسىك يازغۇچىلار ئاللىبۇرۇنلا ھەل قىلغان مەسىلە يەنە ”مۇنازىرە“ قوزغىدى، بۇنىڭدا سىياسىي جەھەتتىكى سەۋەبتىن باشقا، بىر مۇھىم سەۋەب ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“دا كۆپ يىل داۋر سۈرگەن ”سول“چىللىقنىڭ نەزەربەنت قىلىشى بىلەن، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىدە ئېغىر دەرىجىدە ”قاتماللىشىپ قالغان“لىقىدىن ئىبارەت. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ دەل جايىدا كۆرسەتكەندەك، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق سىناش كېرەك دېگەندەك مەسىلە ئۈستىدىمۇ يەنە تالاش-تارتىشنىڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن ”ئىدىيىدە قاتماللىق“ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ، بۇنىڭدىكى تۈپ مەسىلە يەنىلا يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىسىگە خىلاپلىق قىلىش، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسى، بۇ، ئەمەلىيەتتە، ئىدىئالىزم بىلەن مېتافىزىكىنىڭ ئىنكاسى، دەپ قارىدى، شۇنداق قىلىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىرىنچى بولۇپ ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىنى پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنى يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ تونۇدى. دېمەك، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ئاددىي، ئادەتتىكىدەكلا ئىلمىي مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە بولماستىن، بەلكى ”ئىككى ئومۇمەن“نىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزىتىش-تۈزىتەلمەسلىككە چېتىلىدىغان، ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“نىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزىتىش-تۈزىتەلمەسلىككە چېتىلىدىغان، پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىۋى لۇشيەنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش-كەلتۈرەلمەسلىككە ۋە ئۇنى قايتا تىكلەش-تىكلىيەلمەسلىككە

چېتىلىدىغان، پارتىيىنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىغا چېتىلىدىغان زور سىياسىي مەسىلە توغرىسىدىكى مۇھاكىمە. بۇ مۇھاكىمە ئۈستىدە، 1978-يىلى 12-ئايدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ «ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا قاراش كېرەك» دېگەن مۇھىم نۇتقىدا يۇكسەك باھا بەرگەن. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتىكى، ”ئىدىيىدە ئازاد بولۇش—نۆۋەتتىكى زور سىياسىي مەسىلە. نۆۋەتتە ئەمەلىيەتنىڭ ھەقىقەتنى سىنايدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مۇھاكىمە، ئەمەلىيەتتە، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش كېرەكمۇ، يوق، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان بەس-مۇنازىرە ھېسابلىنىدۇ. ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرغان، ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرگەن چاغدىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ، ئاندىن پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئاساسىدىكى نەزەرىيىسىنىمۇ ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى بەس-مۇنازىرە ھەقىقەتەن ئىدىيىۋى لۇشيەن مەسىلىسى، سىياسىي مەسىلە، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ھەم تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ نۇتقى ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. يولداش جياڭ زېمىن 15-قۇرۇلتايدا بەرگەن دوكلاتىدا بۇ نۇتۇق ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ ئاياغلاشقاندىن كېيىن، جۇڭگو قايسى يولغا ماڭىدۇ، دېگەن زور تارىخىي ئۆتكەل ئالدىدا، ”ئىككى ئومۇمەن“نىڭ ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭى دەۋر، يېڭى يول ئېچىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا خاس يېڭى نەزەرىيە يارىتىشنىڭ خىتابنامىسى“ دەپ كۆرسەتتى.

تارىخ ئىسپاتلىدىكى، 1978-يىلى ”ئەمەلىيەت—ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى“ دېگەن مەسىلە توغرىسىدا قانات يايدۇرۇلغان مۇھاكىمىنىڭ ئەھمىيىتى: 1. بۇ مۇھاكىمە پارتىيىمىزنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنى غەلىبىلىك ئېچىشى ئۈچۈن ئىدىيە، نەزەرىيە جەھەتتىن تولۇق تەييارلىق قىلدى. بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىن ”ئىككى ئومۇمەن“ دېگەن خاتا فاڭجېننى كۈچلۈك تۈردە تەنقىد قىلىپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئىلمىي سىستېمىسىنى توغرا، مۇكەممەل ئىگەللەش لازىملىقىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى؛ ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىگە يۇكسەك باھا بەردى، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، مېڭىنى ئىشقا سېلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا قاراش دېگەن يېتەكچى فاڭجېننى بەلگىلىدى، ”سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش“ دېگەن بۇ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماس كەلمەيدىغان شوئارنى ئىشلىتىشنى كەسكىنلىك بىلەن توختاتتى، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكەشتەك ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى، ۋەھاكازالار. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلىدىغان ۋە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىدىغان تارىخىي يېڭى دەۋرگە يول ئېچىلدى. 2. بۇ مۇھاكىمە پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ”قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش“نى تەلەپ قىلىدىغان تارىخىي ساداسىنى، پارتىيە ۋە خەلق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى تەلەپ قىلىدىغان دەۋر ئېقىمىنى ئەكس

www.uyghurkitap.com

ئەتتۇرۇپ، پارتىيە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىسىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئازاد قىلدى. شۇڭا، بۇ مۇھاكىمە دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئېلىمىز تارىخىدا چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ بۇرۇلۇشنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشنىڭ ئىدىيىۋى باشلامچىسى، شۇنداقلا 20 يىللىق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش مۇساپىسىنىڭ ئىدىيىۋى باشلامچىسى بولۇپ، پارتىيىمىزنىڭ يېڭى دەۋردە ماركسىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەن، سىياسىي لۇشيەن ۋە تەشكىلىي لۇشيەننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ۋە قايتا تىكلىشى ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس سېلىپ بەردى.

## ئىلمىي نەزەرىيىدىكى تارىخىي خاراكتېرلىك سەكرەش

1978-يىلى ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇھاكىمە، پەلسەپە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەمەلىيەت بىلەن نەزەرىيىنىڭ مۇناسىۋىتىگە قانداق قاراش مەسىلىسى. ئەمەلىيەت—نەزەرىيىنىڭ ئاساسى، نەزەرىيە تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، نەزەرىيىنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكىنى سىنايدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم. چۈنكى، نەزەرىيە—ئەمەلىيەتنىڭ يەكۈنى. بارلىق ئىلمىي نەزەرىيىلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتىن كېلىپ، يەنە ئەمەلىيەتكە قايتىدۇ، ئەمەلىيەت داۋامىدا سىنىلىدۇ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ئەمەلىيەت جەريانىدا بېيىيدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، نەزەرىيە "مەنبەسىز سۇ، يىلتىزسىز دەرەخ"كە ئايلىنىپ قېلىپ، ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىدۇ. ماركسىزمنىڭ ئەمەلىيەتنىڭ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ھەقىقەتنى سىنايدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەنلىكى ھەرگىزمۇ نەزەرىيىنىڭ ئەمەلىيەتكە بولغان يېتەكچىلىك رولىنى ئىنكار قىلغانلىق ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەمەلىيەتنىڭ نەزەرىيىنى سىنىشى بىلەن نەزەرىيىنىڭ ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشى—بۇ، ئىككى قاتلامدىكى مەسىلە. ئەمەلىيەت—ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى دېگەندە، نەزەرىيىنىڭ توغرا بولغان-بولمىغانلىقىنىڭ ئەمەلىيەت ئارقىلىقلا ئاخىرقى ھېسابتا ئىسپاتلىنىدىغانلىقى سۆزلەنگەن؛ ئەمەلىيەت نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىگە موھتاج دېگەندە بولسا، ئەمەلىيەتنىڭ توغرا نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلغاندا قارىغۇلارچە ئەمەلىيەت بولۇپ قالىدىغانلىقى سۆزلەنگەن. ئىككىسىنىڭ رولىنى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكىمۇ، بىر-بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكىمۇ بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، نەزەرىيىنىڭ ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈشىنى تەكىتلەشتە دەل نەزەرىيىنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش، دوگمىلاشتۇرۇۋېتىش ۋە قاتماللاشتۇرۇۋېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، نەزەرىيىنىڭ ئىلمىيلىكىنى باشتىن-ئاخىر ساقلاپ، ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ ياخشى يېتەكچىلىك قىلدۇرغان قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، لېنىن مۇشۇ مەنىنى چىقىش قىلىپ، پلېخانوۋنىڭ ئىنقىلابىي نەزەرىيە بولمىسا، ئىنقىلابىي ھەرىكەتمۇ بولمايدۇ، دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنى كۆپ قېتىم نەقىل كەلتۈرگەن.

پارتىيىمىز نەزەرىيىۋى يېتەكچىلىككە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان پارتىيە. ئەگەر، يېڭى دەۋرنىڭ ئەمەلىيەت جەھەتتىكى ئەڭ مۇھىم بەلگىسى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى، دېيىلسە، ئۇنداقتا،

يېڭى دەۋرنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى ئەڭ مۇھىم بەلگىسى يېڭى نەزەرىيە— دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى، دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى بۇ نەزەرىيىنى پارتىيە نىزامنامىسىگە يېزىپ، پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ تىكلىدى. جۇڭگو ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ تارىخى ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە ئىككى قېتىملىق تارىخىي خاراكتېرلىك سەكرەش بولدى، ئىككى چوڭ نەزەرىيىۋى مۇۋەپپەقىيەت يەنى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بارلىققا كەلدى. ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئوتتۇرىسىدا ئايرىلماس تارىخىي مۇناسىۋەت بار. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان توغرا نەزەرىيىۋى پرىنسىپى ۋە تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بولسا ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيە-سى. بۇ ئىككى چوڭ نەزەرىيىۋى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ھەر ئىككىسى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرى-نىڭ ۋە كوللېكتىپ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولغان دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى— جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئېچىۋېتىش داۋامىدا سوتسىيا-لىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانىنى غەلىبىلىك ئىشقا ئاشۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان توغرا نەزەرىيە. ھازىرقى جۇڭگودا سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى مەسىلىسىنى باشقا نەزەرىيە بىلەن ئەمەس، ماركسىزم بىلەن ھازىرقى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىرلەشتۈرۈلگەن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەنلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى— زامانىمىزدىكى جۇڭگو ماركسىزمى، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى.

نەزەرىيە جەھەتتىكى كېلىش مەنبەسىدىن ئېيتقاندا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى داۋامى ۋە راۋاجى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىمىزنىڭ ئالدىدا جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بىر تارىخىي خاراكتېرلىك مەسىلە تۇرۇپتۇ، ئۇ بولسىمۇ قانداق قىلىپ يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ تارىخىي تۆھپىسىگە توغرا باھا بېرىش، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنىنى تىكلەش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. بىزگە مەلۇمكى، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ۋە مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇ-مىي يىغىنىدىن كېيىن، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيىسىنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 1979-يىلىنىڭ بېشىدا مەركىزىي كومىتېت نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى چاقىردى. بۇ قېتىمقى يىغىندا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ «تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرايلى» دېگەن مۇھىم نۇتقىنى ئېلان قىلدى. ئەينى چاغدا ”بىر تەرەپتىن، پارتىيە ئىچىدىكى بىر قىسىم يولداشلارنىڭ ئېڭىدە لىن بياۋ ۋە ”تۆت كىشىلىك گۇرۇھ“نىڭ چېكىدىن ئاشقان سولچىل پىكىر ئېقىمى بىلەن قاتتىق زەھەرلەنگەن پېتى تۇرۇۋاتقانلىقى، ئىنتايىن ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ ھەتتا پىتنە-پاسات تارقىتىپ، ”تۆت كىشىلىك گۇرۇھ“ تارمار قىلىنغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ 3-ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان مەركىزىي كومىتېت يۈرگۈزۈپ كەلگەن بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلەرنى

www.uyghurkitap.com

ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە زىت، دەپ ھۇجۇم قىلىنىۋاتقانلىقى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، جەمئىيەتتە ئىنتايىن ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ بۇ تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا شەك كەلتۈرىدىغان ياكى قارشى بولغان پىكىرلەرنى تارقىتىۋاتقانلىقى، ھالبۇكى پارتىيە ئىچىدىمۇ ئايرىم يولداشلارنىڭ بۇنداق پىكىرلەرنىڭ خەۋپىنى ئېتىراپ قىلماقتا يوق، بەلكى بۇنداق پىكىرلەرنى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا مەلۇم دەرىجىدە قوللاۋاتقانلىقى“نى («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»غا قاراڭ، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 356-بەت) كۆزدە تۇتۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئالاھىدە تەكىتلەپ: تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا ”سول“ تەرەپتىن قارشى تۇرىدىغان پىكىر ئېقىمىنى بۇرۇن كۆپ قېتىم تەنقىد قىلدۇق، بۇنداق تەنقىدنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق قانات يايدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. ھازىر، تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا ئوڭدىن چىقىپ شەك كەلتۈرىدىغان ياكى قارشى تۇرىدىغان پىكىر ئېقىمىنى نۇقتىلىق تەنقىد قىلىش لازىم، دەپ كۆرسەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ تارىخىي ئورنىغا قانداق باھا بېرىشتىن ئىبارەت بۇ پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ كۈرەش تارىخى بىلەن، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مۇقىملىقى بىلەن، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات يولى بىلەن مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن زېھنىنى ئىنتايىن كۆپ سەرپ قىلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەھەتتە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ قانداق تۆھپىلىرى بارلىقىنى ئېنىق يېزىش لازىم. ئۇنىڭ ئىدىيىسى يەنىلا راۋاجلانماقتا. بىز ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرىمىز، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرىمىز، ھەتتا تېخى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى راۋاجلاندۇرىمىز، بۇ جەھەتلەردە يولداش ماۋ زېدۇڭ بىزگە ئاساس يارىتىپ بەرگەن.“ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 643—644-بەتلەر) يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار»دا ھەم ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“نىڭ خاتالىقلىرى تۈزىتىلدى، ھەم يولداش ماۋ زېدۇڭ ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئىنكار قىلىدىغان خاتا پىكىر ئېقىمى توسۇۋېلىندى، شۇنىڭ بىلەن يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ تارىخىي ئورنىغا ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئىلمىي سىستېمىسىغا ئىلمىي ئاساستا باھا بېرىلىپ، پارتىيىمىزنىڭ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بېرىلدى.

ئەمەلىيەت جەھەتتىكى كېلىش مەنبەسىدىن ئېيتقاندا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ماركسىزمنىڭ ھازىرقى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەمەلىيەتنىڭ ھەقىقەتنى سىنايدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم ئىكەنلىكى پرىنسىپى باشتىن-ئاخىر گەۋدىلەندۈرۈلگەن. يېڭى دەۋردە پارتىيىمىزنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقان زور بىر تارىخىي مەسىلە قانداق قىلىپ جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش يولى ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىشتىن ئىبارەت. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ مەسىلىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ مەسىلىگە ئىجادكارلىق بىلەن جاۋاب بەردى. ئۇ «تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرايلى» دېگەن

مۇھىم نۇتقىدا: ”ئۆتكەندە دېموكراتىك ئىنقىلاب ئېلىپ بارغاندا، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىپ، يولداش ماۋ زېدۇڭ ئاچقان يېزىلار ئارقىلىق شەھەرلەرنى قورشاش يولىدا مېڭىشقا توغرا كەلگەنىدى، ھازىر قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىمۇ، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىپ، جۇڭگوچە زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىغا مېڭىش لازىم“ دەپ كۆرسەتتى (يۇقىرىقى كىتاب، 351-بەت) ئۇ، ئىدىيە، نەزەرىيە خىزمەتچىلىرى ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىنايدىغان ئۆلچەم دېگەن نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى قوللىنىپ، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى لازىم، دەپ چاقىرىق قىلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ—ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇشنىڭ پارلاق ئۈلگىسى. ئۇ قايتا-قايتا تەكىتلەپ، ئىدىيىدە ئازاد بولمىسا بولمايدۇ، ھەتتا سوتسىيالىزم دېگەن نېمە دېگەن مەسىلىدىمۇ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش لازىم، دېدى. ئۇ، سوتسىيالىزم دېگەن ناھايىتى ياخشى ئاتالغۇ، بىراق ئۇ ياخشى ئېلىپ بېرىلمىسا، توغرا چۈشىنىلمىسە، توغرا سىياسەت قوللىنىلمىسا، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى نامايان قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن مەسىلىدە بىزنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىمىز كۆپ، بۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىمى مۇشۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش. بىزنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش نىشانىمىز تامامەن توغرا، بىراق سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن مەسىلىدە، يەنىلا ئىزدىنىش باسقۇچىدا تۇرماقتىمىز، ۋەھاكازالار. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش دېگەن مۇشۇ باش تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئالغا سۈرۈلگەن. ئۇ ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ ئاساسىي مۇۋەپپەقىيىتىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ”سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك“ دېگەن تۈپ مەسىلىنى چىڭ تۇتۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى، سوتسىيالىزمغا بولغان تونۇشنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈردى، خۇددى 15-قۇرۇلتاينىڭ دوكلاتىدا يىغىنچاقلانغاندەك، مۇشۇ مەسىلىدە ئىدىيىدە ئازاد بولۇش—يېڭى دەۋردە ئىدىيىدە ئازاد بولۇشنىڭ ئاچقۇچى. ئېلىمىز سوتسىيالىزمى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرى باشتىن كەچۈرگەن ئەگرى-توقايلىق ۋە سەۋەنلىكمۇ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقتىن بولغان گاڭگىراشمۇ، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، مۇشۇ مەسىلىنى تولۇق ئايدىڭلاشتۇرۇۋالمىغانلىقىمىزدىن بولدى. قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش، ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، سىنىپىي كۈرەشنى تۈتقا قىلىشتىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشقا ئۆتۈش، بېكىنمىلىك، يېرىم بېكىنمىلىكتىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە ئۆتۈش، پىلانلىق ئىگىلىكتىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش ئارىلىقىدىكى ئاز كەم 20 يىللىق تارىخىي بۇرۇلۇش مۇشۇ تۈپ مەسىلىنى پەيدىنپەي ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش جەريانى بولدى. بۇ جەريان كېيىنكى ئەمەلىيەتتە يەنە داۋاملىشىدۇ.

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئىنتايىن مول ھەم چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە. ئۇ پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات يولى قاتارلىق توققۇز جەھەتتىن سىستېمىلىق يىغىنچاقلاندى ۋە بايان

قىلىندى؛ پارتىيە 15ـقۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ماركسىزمنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئېچىش، سوتسىيالىزمغا بولغان تونۇشنى يېڭى، ئىلمىي سەۋىيىگە كۆتۈرۈش، ھازىرقى دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە ئومۇمىي خەلقئارا ۋەزىيەتكە يېڭى، ئىلمىي ھۆكۈم چىقىرىش ھەم جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ يېڭى نەزەرىيىسىنى شەكىللەندۈرۈش قاتارلىق تۆت جەھەتتىن مۇپەسسەل بايان قىلىندى. ئومۇمەن ئالغاندا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات دەۋرىنىڭ تېمىسى بولۇپ قالغان تارىخىي شارائىتتا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتىدە، دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىزم غەلىبە قىلغان ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ھەمدە باشقا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ گۈللىنىش-خارابلىشىش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش-مەغلۇپ بولۇش جەھەتتىكى تارىخىي تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىش ئاساسىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان. بۇ نەزەرىيە جۇڭگو سوتسىيالىزمىنىڭ تەرەققىيات يولى، تەرەققىيات باسقۇچى، تۈپ ۋەزىپىسى، تەرەققىيات تۈرتكىسى، تاشقى شارائىتى، سىياسىي كاپالىتى، ئىستراتېگىيىلىك قەدەم-باسقۇچى، پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە تايىنىش كۈچى ھەم ۋەتەننىڭ بىرلىككە ئۇخشاش بىر قاتار ئاساسىي مەسىلىلەرگە تۇنجى قېتىم دەسلەپكى قەدەمدە بىرقەدەر سىستېمىلىق جاۋاب بېرىپ، پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەننى تۈزۈپ چىقىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ نەزەرىيە — پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد، ئىلمىي سوتسىيالىزم قاتارلىق ساھەلەرگە سىڭدۈرۈلگەن، ئىقتىساد، سىياسەت، پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، مىللىي ئىشلار، ھەربىي ئىشلار، دىپلوماتىيە، بىرلىك سەپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرقەدەر مۇكەممەل ئىلمىي سىستېما، شۇنداقلا ھەر جەھەتتىن مەزمۇنغا تېخىمۇ بېيىتىشقا ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدىغان ئىلمىي سىستېما. پارتىيە 15ـقۇرۇلتىيىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنى، يېتەكچىلىك ئەھمىيىتى، ئىلمىي سىستېمىسى، دەۋر روھى ۋە ئىنقىلابىي خىسلىتى توغرىسىدا ئېلىپ بارغان يېڭى ئومۇملاشتۇرۇشى ۋە يېڭى بايانى پارتىيىمىزنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگە بولغان تونۇشىنىڭ يېڭى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## يېڭى ئەسىردىكى دەۋر چاقىرىقىغا يۈزلىنەيلى

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى — ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئۇلۇغ بايراق، شۇنداقلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك روھىي بايلىقى. پارتىيە 15ـقۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا، يولداش جياڭ زېمىن چىن ئېتىبار بىلەن مۇنداق دەپ جاكارلىدى: سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يېڭى دەۋردە، ئەسىر ھالقىيدىغان يېڭى سەپەردە، چوقۇم دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پۈتكۈل ئىشلىرىمىزغا ۋە تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزگە

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن يېتەكچىلىك قىلىشىمىز كېرەك. پارتىيىمىز تارىخ ۋە رېئاللىقتىن چىقارغان تەۋرەنمەس يەكۈن ئەنە شۇ. ئۇ يەنە تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش — بۇ قېتىمقى قۇرۇلتىيىمىزنىڭ جېنى، 15-قۇرۇلتاي تارىخ سەھىپىسىدىن مۇشۇ نۇقتا بىلەن ئورۇن ئالغۇسى. بۇنىڭدا شەك يوق. بىز پارلاق، داغدام يول ئاچتۇق، لېكىن ئالدىمىزدىكى يولنىڭ ھەممىسىلا تۈز ئەمەس، جۈملىدىن ئالدىن پەرەز قىلغىلى بولىدىغان ياكى ئالدىن پەرەز قىلىش قىيىن بولغان، مەملىكەت ئىچىدىن ۋە مەملىكەت سىرتىدىن كېلىدىغان، ئىقتىسادىي ھاياتتا ۋە ئىجتىمائىي، سىياسىي ھاياتتا پەيدا بولىدىغان تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ-خەتەرگە دۇچ كېلىمىز. قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ-خەتەرلەرنىڭ ھەرقانداقىنى بىزنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگە بولغان چىڭ ئېتىقادىمىزنى تەۋرىتەلمەيدۇ، بەلكى بىزنى تېخىمۇ ئاڭلىقلىق بىلەن مۇشۇ نەزەرىيىنى تەتبىق قىلىپ، قىيىنچىلىقنى تۈگىتىپ، خەۋپ-خەتەرنى يېڭىپ، غەلىبە بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان قىلىدۇ. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇش، بۇ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت داۋامىدا مەزمۇنغا داۋاملىق بېيىتىش ۋە ئىجادكارلىق بىلەن داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش — پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ۋە پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ كاتتا تارىخىي مەسئۇلىيىتى.

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىجادكارلىق بىلەن قوللىنىش، تەتبىق قىلىش، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى مەزمۇنغا داۋاملىق بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش — "دەۋرنىڭ تەلىپى، خەلقنىڭ ئارزۇسى". 20 يىل بۇرۇن ئېلىپ بېرىلغان ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە پارتىيىنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىۋى لۇشيەنىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تىكلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەرگەن، بۈگۈنكى كۈندە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بۇ نەزەرىيىنى كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىمىز دەيدىكەنمىز، بىزدىن ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىكى قەتئىيلىك ۋە ئاڭلىقلىقنى كۈچەيتىپ ۋە ئۆستۈرۈپ، ھەممىدە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش-بولماسلىق، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش-بولماسلىق، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولۇش-بولماسلىقتىن ئىبارەت "ئۈچ پايدىلىق بولۇش"نى تۈپ ھۆكۈم ئۆلچىمى قىلىپ، ئىشلىرىمىزدا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. يولداش جياڭ زېمىن 1990-يىلىلا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: "جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش زور ئىش. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ زور ئىش ئۈچۈن ئاساسىي پىكىر ۋە ئاساسىي پرىنسىپنى بېكىتىپ بەردى. بۇ، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى زور تەرەققىياتى. بىز پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىنىڭ زېھنىنى قويۇپ، ئەمەلىيەت ئارقىلىق، كۆپچىلىكنىڭ ئەقلىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇشۇ زور ئىشنى داۋاملىق ياخشى ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز." («13-قۇرۇلتايدىن بۇيانقى مۇھىم ھۆججەتلەردىن تاللانما (2-كىتاب)»، خەنزۇچە نەشرى، 1430-بەت) يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋاپاتىنىڭ بىر

يىللىقىنى خاتىرىلىگەن چاغدا ئۇ يەنىمۇ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ”دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتە، ھەم ئۇنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرىدە چىڭ تۇرۇش، ھەم ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئۇنى داۋاملىق بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم. مانا بۇ ماركسىزملىق ئىلمىي پوزىتسىيە. لېنىن ماركسىزمغا مۇئامىلە قىلغاندا، ماۋ زېدۇڭ ماركسىزم-لېنىنىزمغا مۇئامىلە قىلغاندا، دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزم-لېنىنىزمغا، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە مۇئامىلە قىلغاندا ئەنە شۇنداق پوزىتسىيىنى تۇتقان.“ ”جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشى داۋاملىق ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىدىغان بۈيۈك ئىش. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىز ئۈچۈن ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى، تەرەققىيات ئاساسىنى سېلىپ بەردى، ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يولدا كونكرېت قانداق مېڭىشىمىزغا كەلسەك، بۇنىڭدا ئۆزىمىزنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئەمەلىيەت داۋامىدا داۋاملىق ئىزدىنىپ، داۋاملىق يول ئېچىپ، يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، يېڭى قاراشلارنى تىكلىشىمىزگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئاچقان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشىغا ئىجادچانلىق بىلەن ۋارىسلىق قىلالايمىز، ھەم دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئىجادچانلىق بىلەن راۋاجلاندۇرالايمىز. مانا بۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگە مۇئامىلە قىلىشتىكى توغرا پوزىتسىيە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭمۇ بىزدىن ئۈمىد قىلىدىغىنى مۇشۇ.“ («ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 1998-يىللىق 4-سانىغا بېسىلغان)

ئەمەلىيەتتە، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تەتبىق قىلىش، بېيىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، ھەم بىر قاتار مۇھىم ئىدىيە ۋە نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەسىلەن: سوتسىيالىزمدا ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپلا قالماي، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۈكسىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىملىقى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەر؛ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىدا، تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى بولۇپمۇ ئومۇمىيلىق خاراكتېرىنى ئالغان بىرمۇنچە زور مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىملىقى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەر؛ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئىشلىرىنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان ئورگانىك بىر پۈتۈنلۈك بولۇپ، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا خاس ئاساسىي پروگراممىسىنى ھاسىل قىلغانلىقى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەر؛ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ مەنىسىنى ئېتراپلىق چۈشىنىش لازىملىقى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلى كۆپ خىللاشتۇرۇلسا بولىدىغانلىقى ھەم كۆپ خىللاشتۇرۇلۇشى لازىملىقى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەر؛ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭكىدىن باشقا ئىگىلىكنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكى، يەككە ئىگىلىك، خۇسۇسىي ئىگىلىككە ئوخشاش ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭكىدىن باشقا ئىگىلىككە داۋاملىق ئىلھام بېرىپ ۋە يول كۆرسىتىپ، ئۇنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇش لازىملىقى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەر؛ دۆلەت كارخانىلىرىمىزنىڭ ئىسلاھات يۆنىلىشىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى ئوچۇق بولۇش، ھوقۇق-مەسئۇلىيەت ئېنىق بولۇش، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش، باشقۇرۇش ئىلمىي بولۇش ئاساسىدىكى زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەر؛ دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى ۋە سىجىل

تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەر؛ سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يولىنى تۇتۇپ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەر؛ كادىرلارنى تەربىيىلەپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان، سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك، كەسىپكە پىششىق، ئىستىلى پۇختا، ئىنتىزامى چىڭ بولغان يۇقىرى سۈپەتلىك كادىرلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش جىددىي مەسىلە بولۇپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەر؛ رەھبىرىي كادىرلار ”ئۆگىنىشنى تەكىتلەش، سىياسەتنى تەكىتلەش، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش“، مەسىلىلەرنى سىياسىي جەھەتتىن كۆزىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەر؛ ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىدە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىيىنەزەر، پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنلۇق خاراكتېرىنى مەڭگۈ ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغانلىقى، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىنى مەڭگۈ ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغانلىقى، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاشتەك ئېسىل ئەنئەنىنى مەڭگۈ ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغانلىقى، ئاممىدىن ئېلىپ ئاممىغا قايتۇرۇشتەك توپ خىزمەت لۇشيەنىنى مەڭگۈ ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەر؛ سىياسىي جەھەتتە لاياقەتلىك، ھەربىي جەھەتتە قابىل، ئىستىلى ياخشى، ئىنتىزامى چىڭ، كاپالىتى كۈچلۈك بولۇش ئومۇمىي تەلىپى بويىچە، خەلق ئارمىيىسىنىڭ ئىنقىلابىيلىشىش، زامانىۋىلىشىش، مۇنتىزىملىشىش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەر؛ يېڭى دەۋردىكى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ”64 خەتلىك“ ئىگىلىك يارىتىش روھىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش ۋە جارى قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەر؛ ھازىرقى باسقۇچتا دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى تەرىپى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش، ۋەتەننى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى سەككىز تۈرلۈك تەشەببۇس، ۋەھاكازالار. قىسقىسى، ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە يېڭى ئىدىيە، يېڭى نۇقتىئىنەزەرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ يېڭى ئىدىيە، يېڭى نۇقتىئىنەزەرلەر سوتسىيالىزم ماھىيىتىنىڭ تەلىپىنى تولۇق نامايان قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ھازىرقى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، خەلقنىڭ ئارزۇسى ۋە توپ مەنپەئىتىگە مەركەزلىك ھالدا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ يېڭى ئىدىيە، يېڭى نۇقتىئىنەزەرلەر يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېچىپ بەرگەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى يېڭى ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ئىرادىسى ۋە ئېتىقادىنىڭ بەلگىسى؛ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئىجادكارلىق بىلەن قوللىنىپلا قالماي، بەلكى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەمەلىيەت جەريانىدا بېيىتقانلىقى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنىڭ بەلگىسى.

نۆۋەتتە، پۈتۈن پارتىيە يولداش جياڭ زېمىننىڭ ”دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنەيلى“ دېگەن چاقىرىقىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغىماقتا. بىز ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەشنى دېڭ شياۋپىڭ

نەزەرىيىسىنى ياخشى ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشىمىز، خاتىرىلەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، كەڭ كادىرلار، ئاما ئىچىدە پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئاساسىي پروگراممىسى توغرىسىدا چوڭقۇر تەربىيە ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. شۇنىڭ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بىز يەنە نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلە، يېڭى زىددىيەتلەرگە دۇچ كېلىمىز. بىز 15-قۇرۇلتاينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، قەتئىي تەۋرەنمەستىن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇپ، كادىرلار ۋە خەلقنى تەربىيىلەپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىجادكارلىق بىلەن قوللىنىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان ھەر خىل زور نەزەرىيە مەسىلىسى بىلەن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىز لازىم. بىز ئەمەلىيەت — ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى دېگەن نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزم ئەسەرلىرىدىكى ئايرىم ھۆكۈملەردىن ھاسىل قىلىنغان دوگمىلارچە چۈشەنچىنى، ماركسىزم نامىدا قوشۇپ قويۇلغان بەزى خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ھالقىپ كەتكەن سۇبيېكتىپ ئارزۇلارنى قەتئىي چۆرۈپ تاشلىشىمىز لازىم. ”ئۈچ پايدىلىق بولۇش“ دېگەن ھۆكۈم ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشىمىز ۋە يېڭىلىق يارىتىشىمىز لازىم. خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجادكارلىق روھىغا ھۆرمەت قىلىپ، 15-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى پائال، چوڭقۇر، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز، ھەم پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆز رايونىمىز، ئۆز تارمىقىمىزنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ماھىر بولۇپ، ”بىرلەشتۈرۈش“ جەھەتتە قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىپ، خىزمەتنى ئىجادكارلىق بىلەن قانات يايدۇرۇشىمىز لازىم. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، بىز ماركسىزملىق دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز لازىم.

بىز پات ئارىدا يېڭى مىڭ يىلغا قەدەم تاشلايمىز. يېڭى ئەسىرنىڭ تاڭ نۇرى پارتىيىمىزنى، دۆلىتىمىزنى، خەلقىمىزنى يېڭى قىياپەت بىلەن دۇنيانىڭ شەرقىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشقا چاقىرماقتا. بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، بىر نىيەت-بىر مە˝ ‹تە، ئىگىلمەي-پۈكۈلمەي، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيلى!

**تەرجىمە قىلغۇچى: خۇدابەرى خېلىل**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ISSN 1006-5857

9 771006 585006 08>

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5—V 刊号:ISSN1006—5857 / CN11—2498/D
邮发代号:2—373 定价:2.40元 邮政编码 100013